# كۇچا تارىخى ماتېرىياللىرى

# 庫車文史資料

-سان

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى كۇچا ناھىيىلىك كومىتېتى
تارىخى ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزدى

中国人民政治协商会議庫車县委員会
文史資料委員会編

19 年 月 199- يىل -ئاي

抓紧文史资料收集整理，为维护祖国统一、民族团结、经济建设事业服务。

李肖冰

1990.8.19.

تارىخى ماتېرىياللار خەزىنىسى ياخشى ئىشلەپ،
ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ۋەتەننى گۈللەنـ-
دۈرۈشكە تۆھپە كۆرسىتىش قىلايلى!

راخمان ابرھىم

۱۹۹۰-يىل ۸-ئاي ۱۹-كۈنى

بارىن قوزغىلاڭى ئاساسىي ماتېرىياللىرى



林基路烈士纪念馆一角。 لىن‌جىلۇ خاتىرە سارىيىدىن بىر كۆرۈنۈش





# مۇندەرىجە


بەت

1. «كۇچا تارىخى ماتېرىياللىرى» غا كىرىش سۆز ... (1)
توختى تۆمۈر

2. كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى مىللىي مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ... (11)
ئىمىن مەھەممەت

3. غەربىي دىيار مەدەنىيىتىدىكى داڭلىق شەھەر — كۇچا ... (44)
لىياڭ زىنشاڭ

4. كۇچادا سانائىي نەپىسە (تىياتىر) نىڭ بارلىققا كېلىشى ... ئەھەت نايىپ (57)

5. كۇچا ناھىيىسىدە كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى ... (69)
ھوسەن قاسىم

6. ئازاتلىقتىن بۇرۇن كۇچادا يۈز بەرگەن بىر قانچە ۋەقە توغرىسىدا ئەسلىمە ... ئابلىمىتخان نىياز (75)

7. ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى ... (100)

# كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخى ماتېرىياللار
## تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئىسملىكى

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: توختى تۇغمۇر

مائاۋىن مۇدىرلار: ھوشۇر ۋاھاپ، ئىبراھىم ئىسمائىل، سوۋن جاۋسىن، ماگۇلىيالىڭ، داۋۇت مەخسۇت، لى چۇنخۇي، فېي شياۋزىلىڭ، نۇر تۇردى.

باش مۇھەررىر: لى چۇنخۇي

مائاۋىن باش مۇھەررىرلەر: داۋۇت مەخسۇت، مەھەممەت داۋۇت، تۇرسۇن ئىبراھىم، فېي شياۋزىلىڭ، ليالىڭ زىشيالىڭ، نۇر تۇردى، مەمتىمىن ھامىت.

تەھرىرلەر: مەھەممەت داۋۇت، نۇر تۇردى، ليالىڭ زىشيالىڭ، تۇرسۇن ئىبراھىم، ئەھەت نايۇپ، شۈكۈر ئىبراھىم، غوپۇر راخمان، ساۋۇر بەكرى، مەھەممەت مۇسا.

# „كۇچا ناھىيە تارىخي ماتېرىياللىرى» غا
# كىرىش سۆز

تۇختى تۆمۈر

تارىخ — ئىنسانلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىنى ئەسلىتىدىغان شۇنداقلا كەلگۈسىگە بىشارەت بېرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم پەن، تارىخي ماتېرىياللار — تارىخ ئىلمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تولۇقلىمىسى. ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ نەسەبىنى بىلىش، ئۆز يۇرتىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تارىخىنى بىلىش، دۇنيانىڭ ئومۇمي تارىخىنى بىلىش ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يەرلىك تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قىلىش — يەرلىك سىياسىي كېڭەش ئىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمىتى. تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قىلىش — ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش

پائالىيىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ
پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك
يوللىرىدىن بىرى.

كۇچا شىنجاڭدا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان
جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، تاش قوراللار دەۋرىدىلا بۇ يەردە
ئىنسانلار ئۆز ھاياتىنى باشلىغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، قەدىمقى زاماندا كۈسەن دەپ ئاتالغان كۇچا،
قەدىمقى شىنجاڭدىكى 35 بەگلىكنىڭ بىرسى بولغان، قەدىمقى
كۇچانىڭ مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان
بولۇپ، كۇچانىڭ مۇزىكا، ناخشا-ئۇسسۇللىرى ئىچكى ئۆلكە-
لەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەتتا ياپونىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا
دۆلەتلىرىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەشھۇر
تەرجىمان، بۇددا دىنى ئالىمى كۇماراجىۋا، مەشھۇر
كۈيشۇناس سۇجۇپ قاتارلىق كۇچالىقلار چاڭئەنگە بېرىپ
ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ، نەچچە يۈزلىگەن شاگىرتلارنى
تەربىيەلەپ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيىتى يۈكسەلدۈرۈشتە
ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. كۇچانىڭ مۇزىكا، ناخشا ۋە
ئۇسسۇللىرى سۈي، تاڭ سۇلالىرىنىڭ ئوردىلىرىدىكى مۇھىم
سەنئەت شەكلىگە ئايلانغان. كۇچا شوچاغلاردىلا ناخشا-

...ئۇسۇل ماكانى دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. شۇنداقلا
...بىناكارلىق، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىمۇ
...يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز
...بەرپا قىلغان، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، دۆلەت ئىچى
...ۋە چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققەت ئېتىۋارىنى
...قوزغاۋاتقان قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى، سۇبېشى قەدىمقى شەھىرى،
...سىم - سىم مىڭ ئۆيى، قىزىل قاغا مىڭ ئۆيى، مازارباغ مىڭ ئۆيى
...قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمقى كۇچانىڭ پارلاق
...مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى.

كۇچا تارىختىن بۇيان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
...ساھەلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن.
«خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
...كۇچا چېدىرلىقى غەربىي دىيار ھەربىي مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان.
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى ھەربىي مەھكىمىسى كۇچاغا
...جايلاشقان. كۇچا غەربىي دىيارنىڭ سىياسىي، ھەربىي مەركىزىگە
...ئايلانغان. بەش سۇلالە دەۋرىدىن سۇڭ سۇلالىسىغىچە
...بولغان ئارىلىقتا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شۇ
...جايدىكى ئەسلى بار بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ،
...شۇ جايدا دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە
...قىلىپ ياشىغان. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي

تىللار دىۋانى» ناملىق شاھانە ئەسىرىدە بىرلىكتە مەلۇ-
ماتلارغا قارىغاندا، قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت
خانلىقىنىڭ چېگراسى بوگۇردە بولۇپ، كۇچا قاراخانىلار سۇلالىسىغا
تەۋە بولغان دەمدە بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تالىشىش نىشانىسىگە
ئايلانغان. يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا كۇچا بەشبالىق تۇتۇق
مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. مەندىيە خانلىقى دەۋرىدە سەئىدىيە
خانلىقىغا تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈيىنىڭ 10-يىلى
(1884-يىل) شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندا، كۇچا ئۆلكىگە بىۋاستە
قاراشلىق ئايرىم بولغان. (شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان). 1902-يىلى كۇچا ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق
ئوبلاستقا ئۆزگەرتىلگەن. 1913-يىلى (مىنگونىڭ 2-يىلى)
ناھىيىگە ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى 4-رايون مەمۇرى
تەپتىش ۋالى مەھكىمىسى (ھازىرقى ئاقسۇ مەمۇرى مەھكىمە)
گە قاراشلىق ناھىيە بولغان. 1950-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى
كۇچادا تۇنجى قېتىملىق كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان
شۇنىڭدەك 1950-يىلى 10-ئايدا كۇچادا جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى كۇچا ناھىيىلىك مەركىزى پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ
تاكى 195?-يىلىغىچە كۇچا، باي، شايار، توقسۇ قاتارلىق
ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربى خىزمەتلىرىگە بىرتۇتاش
رەھبەرلىك قىلغان.

كۇچا توغرىسىدا تارىختىن بۇيان خېلى نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار يېزىلغانلىقى مەلۇم. بىراق بۇ ماتېرىياللارنىڭ خېلى بىر قىسمى تولۇق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقۇلۇپ كەتكەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنىڭمۇ خېلى بىر قىسمى خەنزۇچە كىتابلاردا يېزىلىپ قالدۇرۇلۇپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى ناھايىتى ئاز. بۇنى تولۇق تەرجىمە قىلىش ناھايىتى مۇھىم بىر خىزمەت. ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردىن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرىمۇ ناھايىتى ئاز. بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللار توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە ئۇچۇر بولسىمۇ، بىراق ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. بۇ ئەھۋال كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

كۇچا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىدىكى كۇسەن ئىچىكى مۇھىم جايى. ناھىيەمىزنىڭ ئومۇمى يەر كۆلىمى 15 مىڭ 378 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇغراپىيە شارائىتى ۋە ھاۋا كىلىماتى ناھايىتى ياخشى. بايلىقى مول بولۇپ، نېفىت، كۆمۈر، پولات، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، مەرمەر تاش، مارگانىس، رودىسى ۋە ئاھاك تېشى ناھايىتى مول. يەنە ئۆزلەشتۈرگىدەك سۇ، بىنام يەر، ئورمان بايلىقىمۇ مول. ناھىيەمىزنىڭ ھازىرقى نوپۇسى 340176 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار 303147 نەپەر، خەنزۇ 35 مىڭ، باشقىلار 2033 نەپەر. ناھىيەمىزدە 13 يېزا، 4 بازار، ئەترەت ۋە چارۋىچىلىق مەيدانى (ھەممىسى ئايون دەرىجىلىك) ھەم ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە ئورگانلاردىن باشقا مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە

ۋىلايەتنىڭ ناھىيە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ۋە كارخانىلىرى 16 گە يېتىدۇ، شۇنىڭدەك تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىمۇ بار.

1949-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى گومىنداڭنىڭ ناھىيە بۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملىرىنىڭ قوزغىلىڭى تالاڭ-تاراج ۋە ئوت قويۇش قاتارلىق قوراللىق بىلەن شەھەردىكى بازارلىرى رەستە كوچىسىغا ئوت قويۇش ۋە بۇلاڭچىلىق ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ، 1049 ئائىلىنى بۇلىدى ۋە شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىسىدىكى 456 ئائىلە ۋە سودا دۇكانلىرىغا ئوت قويدى. بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش، بۇلاش پاجىئەسىدە 43 ئادەم شېھىت ئۆلتۈرۈلگەن، 199 ئادەم ئېغىر يارىلانغان. تارىخى ماتېرىياللارغا قارىغاندا بۇ قېتىمدا 480 سەر ئالتۇن، 42 سەر كۈمۈش، 3000 پارچە تېرە، 232 تۇياق ئات ۋە خېچىر قاتارلىق 400 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئارتۇق (شۇ ۋاقىتتىكى باھا بويىچە) مال-مۈلۈك بۇلاپ كېتىلگەن.

دۆلەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيەمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرنى قايتا قۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىيات قولغا كەلدى. ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن 1958-يىلى 8-ئاينىڭ 13-كۈنى تاڭ سەھەردە بۇ جاي دەرياسىغا يۇقىرىدىن زور كەلكۈن كېلىپ، سۇ بېسىم مىقدارى سېكۇنتىغا 1800 كۇب مېتىرغا يەتتى،

كونا شەھەر سايىنىڭ غەرب، شەرق تەرەپلىرىگە جايلاشقان
پارتىيە، ھۆكۈمەت، كەسپىي ئورۇنلار، كارخانا ۋە ئاھالىلەر
رايونىنى سۇ بېسىپ كېتىپ 560 نەپەردەك ئادەم ئۆلگەندىن
باشقا شۇ ئىدارە ئورۇنلار ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئۆي-ئىمارەت،
مال-مۈلۈكلىرىنى تامامەن ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى تولدۇرغۇسىز
چوڭ زىيان سالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزى
كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ جوڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش جۇدې
باشچىلىقىدىكى جوڭياڭنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن بىرگە
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مائاۋىن مۇدىرى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى
ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مائاۋىن شۇجىسى
يولداش سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ
مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كوچاغا چىقىپ،
كەڭ كۆلەمدە ھال سوراش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاپەتتىن
قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە
ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىدارە ئورۇنلىرىنى ۋە شەھەر
مەركىزىنى ھازىرقى يېڭى شەھەرگە يۆتكەپ قۇرۇلۇش
قىلىش توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم يوليورۇق بەرگەن ۋە
ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. يېقىنقى 4 يىل ئىچىدە كوچا يوللىكى
يېتىملىق ئېغىر ئاپەت ۋە خانىۋەيرانچىلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەن
ئاقسۇ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە

پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت كادىر ئىشچى خەلق
ئاممىسىنىڭ ئىشتىياق قىلىشىپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە
بۇ ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپلا قالماي بەلكى ناھايىتى
زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. داغدام ئالغا باسماقتا،
ناھىيىمىزنىڭ 89-يىلدىكى خەلق ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات
قىممىتى 94 مىليون 291 مىڭ 170 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە
ئومۇم مۇلۇكچىلىكتىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش
قىممىتى 44 مىليون 697 مىڭ 300 يۈەن) گە، چارۋا
614 مىڭ 700 تۇياققا، ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى
148 مىليون 142 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. تىيانشان تاغ باغرىدا
ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھازىرسا قىلىپ قالغان تەبىئى ئورمان
كۆلىمى 86 مىڭ 845 مو بىلەن ۋە، ئازاتلىقتىن كېيىن ھازىرغىچە
بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 208 مىڭ 630 مو (بۇنىڭ
ئىچىدە مېۋىلىك ئورمان 128 مىڭ 457 مو). ئومۇمى يەرلىكنىڭ
يەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 8.3% گە يەتتى ۋە،
1984-يىلى 8-ئاينى، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سايدىن
2-نومۇرلۇق قۇدۇقتىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ۋە گاز
پارتلاپ چىققاندىن بۇيان ھازىرغىچە ئىگىلىنىپ كان مەھسۇلاتلىرى
مىقدارى ۋە نېفىت مەنبەلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى 12 قۇدۇقتىن
يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گاز ۋە نېفىت چىقتى، جەنۇبىي شىمالدىن تۆمۈر
يولىنىڭ كورلىدىن كۇچاغىچە بولغان 261 كىلومېتىرلىق قۇدۇق قۇرۇلۇشى
باشلاندى، قەدىمقى كۈسەن دەپ ئاتالغان كۇچا 90-يىلدىن
باشلاپ ئاجايىپ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلىۋاتىدۇ. قىلماقتا.

بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىمىز قېرىنداش ناھىيىلەرگە قارىغاندا كېيىنرەك باشلاندى. شۇنداق بولسىمۇ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ پائال تەشكىللىشى، تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ جاپالىق ئىشلىشى ئارقىلىق تارىخىي ماتېرىياللار 1 - توپلام نەشرگە تەييارلاندى. ئەسلىدە بۇ ماتېرىياللارنى مەخسۇس مەتبەئەدە چىقىرىش پىلانلانغان بولسىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن ئىشخانىمىزدا بېسىلدى. بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى ناھايىتى چوڭ ئىش. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئىنقىلابىدىن بۇيانقى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ، مۇھىم ئىشلارنى توپلاش، نەشر قىلىش پىلانلاندى. بۇ قېتىمقى سانىغا 6 پارچە ماتېرىيال كىرگۈزۈلدى. تەھرىرلەش جەريانىدا ھەرخىل سەۋەبتىن بەزى جايلىرى قىسقارتىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن پىكىر ئېلىندى. بۇ ماقالىنى رەتلەش، يېزىش، تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەشكە قاتناشقان رەھبەرلەرگە، ئاپتورلارغا ۋە ھەرقايسى خىزمەتداشلارغا ئەڭ سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

تارىخنى كىم يازىدۇ؟ مۇشۇ زېمىندىكى ھەر مىللەت خەلقىمىز ئۆزى يازىدۇ. پېشقەدەملىرىمىزنىڭ، ۋاقىئە شاھىتلىرى ھايات ۋاقتىدا، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە. تەمسىل-ماقاللاردا «يولۋاس ئۆلسە تېرىسى قالىدۇ، ئادەم ئۆلسە نامى قالىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. شۇڭا پېشقەدەملىرىمىز ۋە ناھىيىمىزدە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋاقىئەلەردىن خەۋىرى بار بولغان ھەممە ۋە ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان ئىرادىلىك زاتلارنىڭ جاپا-

مۇشۇ ھەقىقەتتىن باشنى تارتماي، ئۆزىمىزنىڭ توپلىغان ۋە يازغان تارىخى ماتېرىياللىرىنى سىياسىي نۇقتىدىن تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا تەقدىم قىلىشنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئىنتىقال قىلىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، نەشر قىلىش خىزمىتىمىز ئەمدىلا باشلاندى. تەجرىبىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشى، سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلىدىن خىزمىتىمىزدە كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ پىكىر ۋە تەنقىدلىرىنى بېرىشىنى، بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزگە ھەرقايسى تەرەپلەردىن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

1990-يىل 8-ئاينىڭ 2-كۈنى. كۇچا

# كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى مىللىي مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئىمىن مەھەممەت

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۇملىدىن كۇچا ناھىيىسىدە خەلقنىڭ يېڭى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى قوزغالدى ھەمدە بۇ ھەركەت مائارىپنى باشلامچى قىلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى قۇرغان خەنزۇچە شۆتاڭ (مەكتەپ) بولۇپ، بۇ مەكتەپتە خەنزۇ ۋە خويزۇلارنىڭ بالىلىرى خەنزۇ تىل يېزىقىدا ئوقۇغاندىن تاشقىرى بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىمۇ خەنزۇچە تىل يېزىقتا ئوقۇيتتى. ئۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خەنزۇچە شۆتاڭ مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا تەرجىمانلىق ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلەيتتى. شۇ چاغلاردا كۇچادا بىر خەنزۇچە شۆتاڭ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر بالىلىرى ئىدى. بىراق شۇ چاغلاردا كۇچادا ئۇيغۇرچە تىل-يېزىقتا ئوقۇش-ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېڭىچە مەكتەپلەر يوق ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادەتتىكى ساۋاتلىرىنى ئۆگىنەتتى. ھالى خېلى ياخشىراق بەزى ئائىلىلەر بالىلىرىنى شەھەردىكى مەدرىسىگە ئوقۇتاتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار «قارى» بولغاندىن كېيىن ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ دىنىي مەكتەپلەردە خەت يېزىشنى ئۆگەتمەيتتى. «قارى» بولغانلارنىڭ بەزىلىرى قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇپ «مۇللا» بولۇپ قايتىپ كېلىپ، دىنىي پائا-لىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەر

دېھلى، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دىنىي تەلىم ئۆگەنگەنتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇ جايلاردا «ئىلمى پارائىز» (ئائىلىدىكى تۇغۇت ئەمەلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەقسىمات قائىدىلىرى)، «ئىلمى نەھۋ سەرف» (ئېتىمولوگىيە) «ئىلمى نۇجۇم» (ئاسترونومىيە)، «ئىلمى ھەندىسە» (گېئومېتىرىيە) شېئىرى ئەرۇز رىتىمىنىڭ قائىدىلىرى) «دەستۇرىل ئىلمى» (داۋالاش جارىيانى) قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. بەزىلىرى ئاۋۋال «خوجا ھاپىز»، «سوپى ئاللايار»، «شەيخ سەئدى» قاتارلىق ئىسلام شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا ھەرخىل ئىزدىنىشلارغا ئىگە بولدى. بىر قىسمى ئاشۇ جايلاردىكى پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ ئىلھام ئالدى. يەنە بەزىلەر ھە- تتىن سودا-سايا ھەت ۋە ھەج پائالىيەتلىرى بىلەن چەتئەللەرگە چىققان بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىمالار سەپەر جەريانىدا پاكىستان، ھىندىستان، مىسىر، ئەرەبىستان، تۈركىيە ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، چەتئەللەردە ئۇلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشقا دا يېڭىچە يەنى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆردى. تېخنىكىدىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، مائارىپلاردا ئوقۇتتى، بۇلاردا يېڭى تېخنىكا ۋە مائارىپقا نىسبەتەن بىرخىل قىزىقىش پەيدا بولدى. چەتئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن دىنىي زاتلار، سودىگەرلەر ۋە ھاجىلار دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن باشقا، يېڭى پەن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، تېخنىكا ئەگەللەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ۋە تونۇپ يەتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئاتۇشتا 1909-يىللىرى ئاتۇش ۋە قەشقەردە مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەرلەر

باشچىلىق قىلىپ، يېڭىچە يەنى مەكتەپلەرنى قۇردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا كۇچادا ھامۇت ھاجى باشچىلىقىدىكى تەرەققىپەرۋەر زاتلار يېڭىچە يەنى مەكتەپ قۇرۇشقا تۇتۇنۇش قىلىپ 1912 - يىل ئاخىرىدا مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ، 1913 - يىلى ئوقۇتۇش باشلاپ، كۇچادا تۇنجى قېتىم مىللىي مائارىپ بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن كۇچانىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدا ئىلىم-پەننىڭ تۇنجى مەشئىلىنى ياقتى.

ھامۇت ھاجى بۇ مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاراڭغۇ دۇنيانى يېرىپ ئۆتۈپ، كۇچانىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈچۈن ئاساس سالغۇچى بولۇپ قالدى.

## 1. ھامۇت ھاجى ۋە كۇچادىكى تۇنجى يەنى مەكتەپ

ھامۇت ھاجى 1887 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى بەشتوغراق يېزىسىنىڭ چىنتوغراق كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى مۆمىن قارى ھاجى كۇچادىكى چوڭ بايى ھەم تەرەققىپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. مۆمىن قارى ھاجى ھامۇت ھاجىنى كىچىك ۋاقتىدىلا شەھەردىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا بەردى. ھامۇت ھاجى مەدرىستە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا قۇرئاننىڭ قارىسى بولۇشتىن تاشقىرى ئاخايى، خوجا ھافىز، شەيخ سەئدى قاتارلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى ھەم خەت يېزىشنى ئۆگەندى. مۆمىن قارى ھاجى ئوغلى ھامۇت ھاجىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، موللا ئۆلىمالارنىڭ سۆھبەتلىرىگە باشلاپ باراتتى. موللا ئۆلىمالار ھامۇت ھاجىنىڭ زېرەكلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى. مۆمىن قارى ھاجى ھامۇت ھاجىنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئىقتىدارلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنى چەتئەلگە

ئوقۇتقۇچى بولدى. تەخمىنەن 1902 ـ يىللىرى مۆئمىن قارى ھاجى

ھەجگە بېرىشتىن سەپەردە ھاموت ھاجىنى بىرگە ئېلىپ باردى. ئەرەبىستانغا

بېرىپ كېلىش جەريانىدا ھىندىستان، پاكىستان، مىسىر،

تۈركىيە ھەم رۇسىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ،

چەتئەللىكنىڭ ئىلىم پەن تەرەققىياتى بىلەن تونۇشتى. بۇ جەرياندا

ھاموت ھاجى تۈركىيە ۋە رۇسىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى

يېڭىچە پەننى مەكتەپلەرنى پىلانلىق ۋە مەخسەتلىك ھالدا

زىيارەت قىلدى. ئۇ جايلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى،

ئوقۇتۇش تۈزۈمى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى، مەكتەپ-

لەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خىراجىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە

دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى،

بۇنىڭ بىلەن ھاموت ھاجىنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، مەكتەپ

قۇرۇپ ئىلىم پەن بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسى كۈچەيدى،

ئەسلىدە مۆئمىن قارى ھاجى ئوغلى ھاموت ھاجىنى چەتئەلدە

ئوقۇتماقچى بولغان ئىدى. بىراق بۇ چاغلاردا 1905 ـ يىلدىكى

رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ھەر قايسى جايلارغا تارالغان ھەم

ۋەزىيەت ئۇدا قىسىز بولۇۋاتقان بولغاچقا رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى مائارىپ ئاپپاراتلىرى چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل

قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، شۇڭلاشقا ھاموت ھاجى ئاتىسى

مۆئمىن قارى ھاجىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاتىسى

بىلەن بىرگە يۇرتقا قايتىپ، ئۆز يۇرتىدا مەكتەپ قۇرۇپ، مائارىپنى

راۋاجلاندۇرماقچى بولدى. بۇلار يۇرتقا قايتىش سەپىرىدە

مەشھەتلىك ئەپەندى، ئابدۇقادىر دامولا قاتارلىق تەرەققىپەرۋەر

ئىلغار زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەكتەپ قۇرۇش پىلانىنى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

ھامۇت ھاجى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە كاستيۇم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، غەرب پاسونىدا ياسىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ گەپ-سۆزى ۋە قىياپىتى ياشلارنىڭ ۋە يېڭىلىقنى ياقىلىغۇچى ئىلغار زاتلارنىڭ قىزىقىشى ۋە قوللىشىنى قوزغىسا، بىر قىسىم كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. لېكىن ئۇ كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماستىن تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە ئىلغار ياشلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ چەتئەلدە كۆرگەن بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ، يېڭىچە يولدا مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە مىرسايىپ شائىر ۋائىق، نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇقەييۇم ئاخۇن، تۇرسۇن ئاخۇن، ئابدۇرەھىم ھاجى بەدەۋلەت، ئابدۇمەجىت قازى ئاخۇن (بۇلار شۇ چاغدا ياش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەمەلى نامىلىرى كېيىن قوشۇلغان) قاتارلىق ياشلاردىن تەشكىلات قۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتقا ھامۇت ھاجى ئۆزى باش رەئىس بولدى. ھامۇت ھاجىنىڭ يېڭىچە يولدا مەكتەپ قۇرۇش پىلانى يۇقىرىقى ياشلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدەك ھېبىلىم ھاجى، ئېزىز ھاجى سەرراپ قاتارلىق چوڭ بايلار ھەمدە يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى. بىراق ھامۇت ھاجىنىڭ يېڭىچە يولدا مەكتەپ قۇرۇش پىلانى تېخى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپلا دىنىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار دەرھال پىتنە-پاساتلارنى توقۇپ ۋاڭ ئوردىسىغا ئەرزگە باردى. ئۇ چاغدا كۇچادىكى ۋاڭ

ئوردىسىنىڭ يەرلىك ئىشلاردىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، دىنىي ئىشلارنى ۋاڭ ئوردىسى باشقۇراتتى. ۋاڭ ئوردىسى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، مۇرەسسەچىلىك ئۇسۇلىنى قوللاندى ھەم ئۇلارغا تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

١- شەھەر ئىچىدە يېڭى مەكتەپ قۇرماسلىق. مەكتەپنى ئاھالىسى شالاڭ ئولتۇراقلاشقان بولغان چەت يېزىلاردا قۇرۇش.

٢- مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت خىراجەت ئاجراتماسلىق، مەكتەپ خىراجىتىنى مەكتەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئۈستىگە ئېلىش.

٣- ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئىختىيارى قىلغانلارنى قوبۇل قىلىش، جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلماسلىق.

٤- مەكتەپنىڭ نامىنى ئېلان قىلماي، مەكتەپ ئېچىش مەقسىتىنى يوشۇرۇش.

٥- مەكتەپ دىنىي ئۆلىمالارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش، مەكتەپ دەرسلىكىگە دىنىي دەرس كىرگۈزۈش، دىنىي دەرس ئۆتمىسە مەكتەپ ئېچىشقا رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىق شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھامۇت ھاجىنىڭ يېڭىچە يەنى مەكتەپ قۇرۇش ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى. لېكىن ھۆكۈمەت ھامۇت ھاجىنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئىشىغا ئالاھىدە قارشى تۇرماسلىق ھەم قوللىماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

ھامۇت ھاجى ۋاڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان دوستى ھاپىز غوجا ئارقىلىق دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھەركەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىلغار ياشلار ئىچىدە مۇزاكىرە قىلىپ:

1- مەكتەپنى ھامۇت ھاجى شەخسى قۇرۇدۇش، قۇرۇلۇش چىقىمىنى ھامۇت ھاجى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش.

2- مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ھامۇت ھاجى يېقىن مەھەللىسىدىكى زېمىندىن 10 مو يەرنى ئاجرىتىش.

3- مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خىراجەتلەرنى ئىئانە توپلاش ۋە ئوقۇتۇش بەدەل پۇلى ئېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش.

4- مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، مەكتەپنى مۇستەقىل باشقۇرۇش.

5- مەكتەپتە پەننى دەرسلەرنى ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە «شاھادەت ئىسلام»، «ئاقايىت زۆرۈر» قاتارلىق دىنى ئوقۇشلۇقلارنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش.

6- مەكتەپكە ئىختىيارى قىلغانلارنى قوبۇل قىلىش. مانا بۇنى ئىتتىپاق قىلىنغان قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىنى ئاشكارا قىلدى، ھامۇت ھاجى مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ئابدۇسمەت سابىر ھاجى ئىلمىي مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى، شەمسىدىن ئەپەندى مۇناسىپ شائىرلىق، ئىسمايىل ھەققۇل قاتارلىقلار تەشكىللەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، ھېلىم ھاجى، ئابدۇقېيۇم ئاخۇنلارنى ئىقتىسادىي مۇئەسسەسە تەشكىللەشكە تەيىن قىلدى، بۇ بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلەنگەندىن كېيىن ھامۇت ھاجى بىرتەرەپتىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرسا، بىرتەرەپتىن ئوقۇتقۇچى ۋە دەرسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇردى. ئوقۇتقۇچىلىققا ئاتۇشتىكى ئابدۇقادىر دامولla، مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ ياردىمى

ئاقىلىق تۈركىيەدىن قەشقەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىۋا-
تقان ئابابەكرى ھەققۇل، ئىبلى نەزەر، ياقۇپ ئەپەندى،
ئوسمان ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ
قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ھەم 1909-يىلى قازاندا بېسىلغان بىر يۈز دۆت
دەرسلىك كىتابلارنى كىرگۈزدى. (بۇ كىتابلار ھازىر ئاھىلىك مائارىپ
ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.) مەكتەپ قۇرۇلۇشى 1912-يىلى پۈتتى،
لېكىن بۇ يېڭى قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپكە ئوقۇغۇچى ئېلىش ئۇ ۋاقىتنىڭ
شارائىتىدا ناھايىتى قىيىن مەسىلە ئىدى. بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ
خوجىلار «ھامۇت ھاجى چەتئەلگە چىقىپ دەھرى بولۇپ كەپتۇ.
ھامۇت ھاجىنىڭ ئاچقان مەكتىپىدە ئوقۇغانلار جەدىت، دەھرى، كاپىر
بولۇپ كېتىدۇ.....» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە-پاسات تارقىتىپ،
بۇ يېڭى مەكتەپنى ئوقۇغۇچىسىز قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. لېكىن
ئۇلارنىڭ بۇ ئىغۋاگەرچىلىكى نەتىجە بەرمىدى. ھامۇت ھاجىنىڭ ئاتىسى
مۇئمىن قارى ھاجى خوجاتلىك ئاتا باي بولغاچقا جەمئىيەتتىكى تەسىرى
ناھايىتى زور ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامۇت ھاجى جامائەت بىلەن يېقىن
ئۆتىلاپ، ئەتراپتىكى يۇرتداشلار، جامائەتنىڭ رابىرى ئوغۇللار
ياشلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن
ھامۇت ھاجى شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ساۋۇت
بەگنىڭ قىزى مەرىمسا خانىم بىلەن نىكاھلانغان بولۇپ، ساۋۇت بەگنىڭ
تەسىرى زور ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ كۆپ ئۇچلىق ھامۇت ھاجىنىڭ يېڭى يەنى
مەكتەپ ئېچىشنى قوللايتتى. ھامۇت ھاجى مۇشۇنداق ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەرگە تايىنىپ، خوجا خەلپىنىڭ باغ سەيلىسى قىلىدىغان
ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئۆزلۈك پىششىقلىغا توغرا كەلتۈرۈپ، ھۆكۈمەت

بۇ كىشى تولىسۇ ئاتۇق

ئەمەلدارلىرى، جامائەت ئەرباپلىرى، بايلار ھەم تەرەققىيپەرۋەر
زاتلارنى چىنسۋاغىدىكى بېغىغا تەكلىپ قىلىپ، چوڭ زىياپەت بەردى،
بۇ زىياپەتكە كۇچانىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي ئەمەلدارى قادىر ھاجى
(خاتۇنلۇق ئىشان)، مەشھۇر ئەرباب ھېلىم ھاجى، ئىزىز ھاجى قاتارلىق
100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ھاموت ھاجى ئۆزىنىڭ چەتئەلدە
كۆرگەن تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ يېڭىچە پەننى مەكتەپ
ئېچىش مەقسىتىنى ئېنىق شەرھلەپ، مەكتەپ قۇرۇش خىزمىتىنى
دوكلات قىلدى. ھېلىم ھاجىمۇ ئۆزىنىڭ چەتئەلدە كۆرگەنلىرىنى
سۆزلەپ، يېڭىچە پەننى مەكتەپ قۇرۇشنى قوللىدى. قادىر ھاجى بۇرۇن
تۇرپاندا خەنزۇچە شۇتاڭ مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، شەخسىي
شۇغۇللانغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ يەنە تېخىمۇ كۆپلىگەن بىر قىسىم
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆرگەن بولغاچقا، يېڭىچە پەننى مەكتەپ قۇرۇشنى
قوللاپ، ئۆزىنىڭ بالىسىنى بۇ يېڭىچە پەننى مەكتەپكە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
سەرراپ ئىزىز ھاجى شۇ مەيداندىلا ئۆزىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ھاجى بىلەن
قىزى سۆيىيەنى بۇ يېڭىچە پەننى مەكتەپكە تىزىملاتتى. بۇ قېتىمقى زىياپەتنىڭ
جەمئىيەتتىكى تەسىرى ناھايىتى زور بولدى، يېڭىچە پەننى مەكتەپكە
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى،
بولۇپمۇ سودا-سانائەتچىلەر بەس-بەس بىلەن بالىلىرىنى بۇ
يېڭىچە پەننى مەكتەپكە تىزىملاتتى. نەتىجىدە يۈزدىن ئارتۇق ئوغۇل
ئوقۇغۇچى، ئىككى نەپەر قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 1913-يىلى
يىل بېشىدا رەسمىي ئوقۇتۇش باشلاندى. بۇ مەكتەپكە كۇچا ناھىيە
يېڭى مەھەللە «ئىپتىدائىي نىزام مەكتىپى» دەپ نام بېرىلدى.
ئىككى قىز ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى سەرراپ ئىزىز ھاجىنىڭ قىزى سۆيىيەم

ئىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا 15 - 16 ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، دىنىي
مەكتەپتە ئوقۇپ قۇرئان ساۋادىنى چىقارغان ھەم ناۋايى، خوجا
ھافىز، سوپى ئاللايار قاتارلىق ئىسلام شائىرلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىنى ئوقۇغان، ئۆز ئۆيىدە قازاندىن چىققان تىل - ئەدەبىيات
كىتابلىرىنى كۆرۈپ، ساۋادىنى چىقارغان ئىدى. يەنە بىرى ئەكرەم
ئەپەندىنىڭ قىزى شاراپەتخان ئىدى. ئەكرەم ئەپەندى
تەخمىنەن 1907 - يىللىرى سودىگەرچىلىك بىلەن قەشقەردىن
غۇلجىغا كەلگەن بولۇپ، غۇلجىنىڭ ھاۋاسىنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا
ئوچاردىن باغ ئېلىپ، خوتۇن بالىلىرى بىلەن ئوچاردا دەم ئېلىپ تۇرۇ-
ۋاتاتتى. بۇ كىشى مەدەنىي كىشى بولغان. تۈركچە تەلەپپۇزدا
سۆزلەيدىغان، تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى. ئۇنىڭ قىزى
شاراپەتخان شۇ چاغدا 16 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئۆز
ئائىلىسىدە ساۋات چىقىرىپ خېلىلا بىلىملىك بولۇپ قالغان ئىدى.
ئەكرەم ئەپەندى ئىبرىز ھاجىنىڭ قىزى سۇپىيەنى يەنى مەكتەپكە
بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شاراپەتخاننىمۇ شۇ يەنى مەكتەپكە بەردى.
مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ، تەر-
بارغانسىرى كېڭەيدى.
يېڭى يەنى مەكتەپنىڭ قىزغىن قوللىنىشقا ئېرىشكەنلىكى ۋە
ھامۇت ھاجىنىڭ شۆھرىتىنىڭ بارغانچە ئېشىشى ئاتاقلىقىنى كۆر-
گەن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ۋەھىمىگە چۈشتى،
ئۇلار جىددىي تۇرالماي، ئۆكتىچىلەرنى توپلاپ، يېڭى يەنى
مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلدى. بۇنداق ۋەقە ئىككى قېتىم يۈز بەردى، بىرىنچى

قىسمىدا بۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر قىتىغ دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ بويىچە كۈچىسىدا بىر توپ لۈكچەكلەرنى توپلاپ، «يېڭىچە مەكتەپ دىنىي قائىدىلەرگە بويسۇنمىدى، ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى، جىنايەتچى يولغا ماڭدى» دېگەندەك باھانىلار بىلەن مەكتەپكە بېسىپ كىرىپ، ئۇرۇپ چېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەكتەپنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ھامۇت ھاجى، باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەمەتخان قاتارلىق ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، لۈكچەكلەرنى چېكىندۈرۈپ مەكتەپنى قوغداپ قالدى.

يەنە بىر قېتىملىق ۋەقە 1914- يىلى يۈز بەردى. بۇ قېتىم ۋالىي ئوردىسىنى يادرو قىلغان، بىر توپ كونا يۇقىرى قاتلام كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنى توپلاپ، «مەكتەپ دىنىي دەرسنى ئۆتمىدى» دېگەن باھانە بىلەن ھۇجۇم ئىشلىتىپ ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتىپ، ئابلىز نۇرھاجى، ئابدۇراخمان ئىبراھىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ۋالىي ئوردىسىغا سولاپ قويدى. ۋالىي ئوردىسى داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن شەھەر ۋە يېزىلاردىن بىر سوراقچىلار ئۆمىكى تەشكىللەپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەتتىن شاۋازلا ۋە زەيدۇللا، زايىت مەخسۇت بەگ، چىنىۋاغدىن سامىي ھاجى، شورىكۆلدىن سۇلايمان ئىمام، قىتىغ دۆلەتدىن قۇربان ئىمام قاتارلىقلار بار ئىدى. سوراق جەريانىدا ھامۇت ھاجى سوراقچىلارغا سوئال قويۇپ، ئۇلارنى گەپ قىلالماس قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ «ئوقۇتقۇچىلار دىنىي قائىدىگە خىلاپلىق قىلدى» دېگەن پەتىۋالىرى پۇت دەسسەپ تۇرالمىدى. ئوقۇغۇچىلار قىرائەت قىلىپ، سوراقچىلارنى مات قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلار

«ئوقۇتۇش سۈپىتى ناچار» دېگەن باھانە بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئالماقچى بولۇپ، ھېساب، جۇغراپىيە، تىل ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەردىن بىر مۇنچە سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوقۇغۇچىلار سۇدەك جاۋاب بەردى. ھالبۇكى ئىمتىھان ئالماقچى بولغان جاناپلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابىنىڭ توغرا خاتالىقىنى پەر ئەتەلمەيتتى. ئاخىرى سوراقچىلار مەغلۇپ بولدى، ھامۇت ھاجى غەلىبە قىلدى. مەكتەپ نورمال ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى.

يېرىم يىللىق ئوقۇتۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. سوپىيەم بىلەن شاراپەتخاننىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇنى كۆرگەن ئىلغار زاتلار قىزلار دەرسىنى ئېچىش، بۇنىڭكى قىزلارنى ئوقۇتقۇچى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ھامۇت ھاجى بۇ تەكلىپنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكىردىكى قورۇسىدىكى مېھمانخانىسىنى سىنىپقا ئۆز- گەرتىپ، جوزا ئورۇندۇق، دوسكا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىزلار دەرسىنى تەشكىل قىلدى. شەھەر ئىچىدە قىزلار دەرسىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. نەتىجىدە يىگىرمىدىن ئارتۇق قىز ۋە ئۆيلەنگەن چوكان قوبۇل قىلىنىپ بىر سىنىپ بولۇپ 1913-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوقۇتۇش باشلاندى. سوپىيەم خانىم بىلەن شاراپەتخانىم بۇ قىزلار دەرسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولدى. لېكىن بۇ قىزلار دەرسىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولمىدى. 1914-يىلدىكى ۋەقەدىن كېيىن قىزلار دەرسى تارقىلىپ كەتتى. 1914-يىلى سوپىيەم خانىم ئابدۇلسەمەت قارى ئاخۇنۇم بىلەن توي قىلدى. شاراپەتخانىم شايارلىق ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن توي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

كۈچانىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى
سوپىيەم خانىم بىلەن شارابە تىخانىم ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن
ئايرىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇ دائىرىسىنىڭ ئاساسىنى
بوسۇپ ئۆتۈپ بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشقان روھى كىشىلەرنى
چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇلار تەربىيىلىگەن قىزلاردىن بىرمۇنچىسى
كۈچانىڭ كېيىنكى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى.
ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. 1914-يىلى
تۆتكىلىك ئوقۇتقۇچىلار قايتىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكتىن
ھامۇت ھاجى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ياقۇپ سېيت، ئابلىز قاھار ھاجى،
ئابلا ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇللام قاتارلىقلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا
بەلگىلىدى.

1916-يىلى كۈچانىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى
يېڭى مەكتەپ بىناسى 100 دىن ئارتۇقراق ئوقۇغۇچىسى تۇنجى قېتىم
مەكتەپ پۈتتۈردى. بۇلار كۈچا ئاھالىسىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى
زىيالىيلىرى بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى كېيىنكى ئىجتىمائىي
پائالىيەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ، جەمئىيەتكە مۇھىم تۆھپىلەرنى
قوشتى.

ھامۇت ھاجى كۈچادا قۇرغان تۇنجى يېڭى مەكتەپ كۈچانىڭ
ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم پارلاق نۇر چاچقان
مەشئەل. ھامۇت ھاجى تۇنجى مۇئەللىم بولغان ئىدى. بىراق
1917-يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۈچادىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ
بۇزغۇنچىلىقى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش توختىتىلدى.
شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە يارىق زىيا نىشكەنلىكىنىڭ خەلقنى ئادا ئىلىقتا

قالدۇرۇش سىياسىتى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى ،
خوجانىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مەشئەل-
يىچى مەھەللە يەڭى مەكتىپى 4 يىلدىن ئارتۇقراق نۇر چېچىپ
ئۆچكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇرى خوجا خەلقىنىڭ قەلبىگە مەرىپە-
ت ئۇرۇقىنى چاچتى . بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۇچانىڭ كېيىنكى
مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى . ھاموت ھاجى كۇچانىڭ
كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرىنى ئالاھىدە مەخسۇس قاتارلىق ئىشلىغانلار
بىلەن بىرگە ھارماي-تالماي كۆرەش قىلىپ، ئۆز ھاياتىنى كۇچانىڭ
خوللىقى ئۈچۈن بېغىشلىدى ، 1937 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى
بىرىنچى قېتىملىق تۇتقۇننىڭ نەتىجىسىدە جاللاتلىرى تەرىپىدىن
قولغا ئېلىنىپ ، تەخمىنەن 1944 - يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولدى .

## 2 - كۇچا ناھىيەسىنىڭ 1934 - يىلدىن كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرى

خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى
بارلىققا كەلگەندىن كېيىن 1933 - يىلى 3 - ئايدا كۇچادىكى ئۇلاق تىراسپورت-
نىڭ باشلىقى تۆمۈر بەگنىڭ ئاتلىقى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى ،
كۇچا ۋالىيى ... ئۆلتۈرۈلۈپ ، قان مەھكىمە ۋە ...
ئورۇنلىرىنىڭ قوزغىلىشى قولغا ... ئىنقىلاب بىرلىكىدە ...
ئاتلاندى ، قوزغىلاڭچىلار كۇچادا ... ھاكىمىيەتنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلىدى ، كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولغا ئۆتتى ، ...
يېڭى ھۆكۈمەت ئاستىدا كۇچادىكى تەرەققىيپەرۋەر ئىشلىغۇچىلار
يەنە يېڭى مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى ،

1933- يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ 6 چوڭ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر مەزگىل خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

1934- يىلى باھاردا كۇچا نەشرى مائارىپ ئىلمى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت ئاممىۋى خارەكتېرلىك تەشكىلات بولۇپ، ئابلىمەت مەخسۇم، ھامۇت ھاجى، مۇسا ئېيىپ شاگىرتلىق، ئابدۇسەمەت سابىر ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى شاگىرتلىق، ئابلىمەتخان نىياز، ئابدۇرېھىم قارى، تۇرسۇن ئاخۇن (خوتەنلىك)، نىزامىدىن تەپەندى، ئابدۇرىۋايەت رۇزى، موللا نىياز ئاخۇن، ئابدۇقادىر مۇختار، شېرىپ ھوشۇر قاتارلىق 13 كىشى بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولدى، ئابلىمەت مەخسۇم مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ جەمئىيەتنىڭ 1- قېتىملىق يىغىنى تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى؛

1- ئاممىۋى ئىئانە بىلەن مەكتەپ قۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،

2- پۈتۈن ئاھالە يېڭى يەنى مەكتەپلەرنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش، شەھەردە مەكتەپ قۇرۇپلا قالماستىن، يېزا كەنتلەردىمۇ مەكتەپ قۇرۇش،

3- ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، دارىلئېتام، دارىلئاجىزىن قاتارلىق ئورۇنلارنى قۇرۇش،

بۇ بىرنەچچە بەلگىلىمە ئەينى چاغدا شىڭ شىسەينىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىردەك ئىدى، شۇڭلاشقا ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن بەلكى كەڭ ئاممىنىڭ جۈملىدىن دىنى ساھەدىكى زاتلار-

ئىشىمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى. كۇچا مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى-
زور ئۆلىما مۇساپىر داموللا ھاجى، ئاتاغلىق دىنىي زات ھامۇت
داموللا ھاجى قاتارلىق يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارمۇ ئاشما ئىچىدە
تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش
ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. لېكىن بۇ چاغدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلم
ئىدى. 1934-يىلى خوجانىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسى ھۆكۈمىتىنىڭ
مائارىپ رەسمىيىتىنى قوبۇل قىلىپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ
يولغا چىقتى، يول ئۈستىدە ئاقسۇغا كېلىپ 2 ئايدەك تۇردى؛
شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاقسۇدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلدى.
خوجانىياز ھاجى بۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىزغىن
قوللىدى. بۇنى ئاڭلىغان كۇچادىكى تەشرىقى مائارىپ ئىلمىچىتى
خوجانىياز ھاجى كۇچاغا كەلگىچە مەكتەپ قۇرماقچى بولۇپ، ھاكىم
ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ ئوردىن كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا
ھازىرقى كۇچا كونا شەھەر يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېنىدا بىر بۇتخانا
بار ئىدى. 1933-يىلىدىكى كۇچا قوزغىلىڭىدا بۇ بۇتخانىنىڭ بۇتلىرى
چېقىۋېتىلگەن بولۇپ، بىكار تۇرۇۋاتقان ئىدى. ھاكىم ئابدۇقادىر ھاجى
شۇ بۇتخانىنىڭ ئورنىنى تۈزەشتۈرۈپ رەسمىيەت قىلىپ مەكتەپ
قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينى مەكتەپ
قىلماقچى بولۇپ، ھامۇت ھاجى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
مىلك سەرمايە تەقدىم قىلدى. باشقىلارمۇ قىيىمە زور
زاتلارمۇ ياردەم قىلدى. ئابلىھىمىت مەخسۇم مەكتەپ مۇدىرى
بولۇپ، بۇتخانىنىڭ ئورنىنى مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقتى.
مەكتەپكە 109 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1913 - 1917-

يىللىرى ھامۇت ھاجى يېڭى مەھەللىدە قۇرغان تۇنجى پەننى مەكتەپنىڭ
بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى بۇ قېتىم قۇرۇلغان يېڭى پەننى مەكتەپكە
ئوقۇتقۇچى بولدى. بۇنىڭدىن باشقىرى ئاقسۇدىن مەۋلانجان
تۇردى، غۇلجىدىن قۇربانجان، تۇرپاندىن مۇئەييەت ئەپەندى
كۇچاغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. قەشقەردىن
ھامۇتخان خەتىپ (ئابدۇقادىر داموللانىڭ شاگىرتى) كۇچاغا
كېلىپ مەزكۇر مەكتەپنىڭ دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۈستىگە
ئالدى. ئابلەھەت مەخسۇم باشچىلىقىدىكى مائارىپ ئەھلى يېڭى
كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان مائارىپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش
ئۈچۈن بۇ مەكتەپنى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى قىلماقچى
بولدى. ئابلەھەت مەخسۇم مەكتەپ دەرۋازىسىغا «كۇچا
دارىلمۇئەللىمىن مەكتەبى ئالىيە، پەرمايىشى ھاجى خوجانىيازىيە»
دەپ ۋىۋىسكا ئاستى. بۇ مەكتەپ 1934-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى
رەسمىي دەرس باشلىدى. خوجانىياز ھاجى ئاقسۇدىن كۇچاغا
كېلىپ قىسقا مەزگىل تۇردى ھەمدە مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ،
ئابلەھەت مەخسۇم ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ،
ئۇلارنىڭ مەكتەپ قۇرغانلىقىنى قىزغىن قوللىدى. خوجانىياز ھاجىنىڭ
كۇچا دارىلمۇئەللىمىننى قوللىغانلىقى كۇچا مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا
كۈچلۈك ئىلھام بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن مەكتەپ
قۇرۇش قىزغىنلىقى قوزغالدى.

1934-يىلى كۇچا ناھىيە پاختا بازىرىدا يەنە بىر يېڭى پەننى مەكتەپ
قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى تۆمۈر ئېلى سىجاڭنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشكەن بولغاچقا، «تۆمۈرغازى مەكتىپى» دەپ نام بېرىلدى.

سودىگەرلەر مەمتۇللاخان شاگىرتلىكىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى بىلەن ئۆز راسخو-
دىغا تايىنىپ „قىلىچ ئاتام" دېگەن جايدا 2 سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئېچىپ
شىكىلە يەر ئوقۇتقۇچىلىقنى ماتاشتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر قەلەم-
راسخودىنى ئۆزى چىقىرىپ، ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى، كوچا
ماڭارىپ ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئابلەمىتخان مەخسۇم بۇ مەكتەپكە
«كوچا بويىچە ئىبتىدائىي مەكتىپى، ئەمەتۇللا بەگنىڭ يېڭى ئوقۇشى» دەپ
ئوبۇيسكا ئاستى، ئارقىدىنلا يۈنۈس ئاخۇنباي ئۆز راسخو-
تىنى چىقىرىپ كوچا ماھەللىسى قىرائەتخانىغا ئىبتىدائىي ئوقۇ سېلىپ بەردى
1935 - يىلى 9 - ئايدا ئابلەمىتخان مەخسۇم ۋە سوپىيە ئىبراھىم
ئاتلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كوچادا تۇنجى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى
(ئابلەمىتخان مەخسۇم ۋە سوپىيە ئىبراھىم ئالىيلارنىڭ كوچا ماڭارىپىدىكى
پائالىيەتلىرى ئايرىم ماقالە ئاستىدا تونۇشتۇرۇلىدۇ) 1935 - يىلى
10 - ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى (ئۆز ۋاقتى-
دا قىسقارتىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالدى) ۋە خەنزۇ - خۇيزۇ
مەدەنىيىتى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى (قىسقارتىپ خەنزۇ - خۇيزۇ
ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالدى) قۇرۇلدى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئابلەم-
باي رەئىس بولدى، ئەسلىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات كوچانىڭ شەر-
ماڭارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى تارقىتىۋېتىلىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتى، چەت ئەللەردە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن
مۇللا مەمەت ھاجى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ ماڭارىپ مۇدىرى بولدى، ئابلەمىت مەخسۇم ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ سەركاتىپى ھەم دارىلمۇئەللىمىنىڭ مۇدىرى بولدى.
1935 - يىلى 6 - ئايدا كوچا دارىلمۇئەللىمىنىڭ ئىقارلىق ئوقۇغۇچىل-

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى
تولۇقلاندى. 7-ئاينىڭ 2-قارارىغا 80 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ
ئوقۇش باشلاندى.

1936-يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت قۇرغان، ئۇيۇشما
قۇرغان ۋە يەككە شەخسى قۇرغان مەكتەپ بىلەن مەكتەپ سانى
36 گە يېتىپ، ئوقۇتقۇچىلار 210 نەپەردىن، ئوقۇغۇچىلىرى 4600
نەپەردىن ئاشتى. شۇ يىلى كۈزدە دارىلمۇئەللىمىننىڭ 2-قارارلىق
ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى
تولۇقلاندى. بۇنىڭ بىلەن كۇچا ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەدەنىيەت-مائارىپ
ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. يېزىلاردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن
مەكتەپ قۇرۇلدى، ھەتتا ئاقلاغۇ، چارشەنبە، قارابۇغا قاتارلىق
يېزا كەنتلەردە قىزلار مەكتەپلىرى قۇرۇلدى.

1939-يىلى 9-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
ئەزالىرىدىن يولداش لىن جىلۇ كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ كەلدى.
لىن جىلۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېخىمۇ
زور قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. (ئىنقىلابىي قۇربان لىن-
جىلۇنىڭ كۇچا مائارىپىدىكى پائالىيەتلىرى ئايرىم ماۋزۇ ئاستىدا
تونۇشتۇرۇلىدۇ.) 1939-يىلىنىڭ ئاخىرى 1940-يىلىنىڭ باشلىرىدا
ۋاھاپ ھاجى ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇنىڭ مىللىي مائارىپنى راۋاجلا-
ندۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ،
ئۆز راسخوتى چىقىرىپ كۇچا كۆڭگىدا 10 سىنىپلىق 2 قەۋەتلىك
بىر مەكتەپ سالدۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان
مەكتەپ 13 كە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان مەكتەپ 34 كە،

خەنزۇ-خۇيزۇ ئوقۇغۇچىسى باشقۇرغان مەكتەپ 2 گە، سىنىپ سانى 141 گە، ئوقۇتقۇچىلار 265 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلار 8600 گە يېتىپ، كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1943-يىلى گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرىپ، 1944-يىلى ھەرقايسى ناھىيىلەردە گومىنداڭ پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرى چېكىنىپ كەتتى.

## 3- كۇچانىڭ مىللىي مائارىپىدىكى تۆھپىكار— ئابلەھمەت مەخسۇم

ئابلەھمەت مەخسۇم 1896-يىلى كۇچا ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى سابىر ھاجى كۇچادىكى ئاتاغلىق زات ئىدى. سابىر ھاجى ھەججە بېرىپ كېلىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە يۈرۈپ، يېڭى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ئىدى. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھامۇت ھاجى 1913-1917-يىللىرى ئاچقان تۇنجى يېڭى مەكتەپنى قىزغىن قوللىدى. ئابلەھمەت مەخسۇم مۇشۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلغان بولغاچقا، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ياخشى تەربىيە ئالغان ئىدى. ئابلەھمەت مەخسۇم بالىلىق دەۋرىدە كۇچادىكى داڭلىق مۇدەررىس ئابلىتىپ داموللا، ئۇبەيدۇللا ھاجىدىن دەرس ئالغان ھەم ئۆز ئائىلىسىدە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ساۋادىنى چىقارغانىدى. ھامۇت ھاجى مەكتەپ ئاچقان مەزگىلدە ئابلەھمەت مەخسۇم قەشقەردە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇ قەشقەردە ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللانىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ،

ئۇنىڭدىن تەلىم ئالدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگۈزۈلگەن
يېڭى دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە خەتتاتلىقنى
ئۆگىنىپ، ئۇستا خەتتات بولۇپ چىقتى. ھەم قەشقەردە تەلىم
بىلىم ئالغان تالىپلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىدارلىق ياشلار-
نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ھامۇت ھاجى ئابلەھەت مەخسۇ-
منى يېڭى مەھەللىدە قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا
تەكلىپ قىلماقچى بولغان ئىدى. ئابلەھەت مەخسۇمنىڭ ئاتىسى
سابىر ھاجى «بالامنىڭ ئوقۇشى تۈگىگىچە ساقلاپ تۇرساق» دېگەن
بولغاچقا تەكلىپ قىلمىدى. ئابلەھەت مەخسۇم داۋاملىق
قەشقەردە ئوقۇدى. 1928-يىلى ياڭ زېڭشىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ،
جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئابلەھەت مەخسۇم
قەشقەردىكى ئوقۇشىنى توختىتىپ كۇچاغا قايتىپ كەلدى.
كۇچاغا كېلىپلا ھامۇت ھاجىنىڭ ئۆيىگە يېتىلەپ بېرىپ،
«ئۆزلىرىنىڭ كۇچادا يېڭى مەكتەپ قۇرغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ
ناھايىتى خۇشال بولغان ئىدىم. كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ تارقىتىۋې-
تىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى كۆپ ئۆكۈندۈم. ھازىر
قەشقەردە يېڭىچە مائارىپ ناھايىتى تېز راۋاجلىنىۋاتىدۇ،
بۇ يەنە سىلى ئۆز ۋاقتىدا قۇرغان مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈر-
سەك» دەپ تەكلىپ بەردى. ھامۇت ھاجى بىلەن ئابلەھەت
مەخسۇم بۇ مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ
تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ چاغدا ئابدۇقادىر ھاجى (خاتۇنلۇق لىلىم)
ياڭ زېڭشىڭ تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن تولۇق لىلىق بولغاچقا، جىن شۇرېن
تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى ئابدۇۋايىت شاۋيېلى

قويۇپ قويۇپ، ئۆزى يۇرتى تۇرپانغا قايتىپ كەتكەن ئىدى،
كېيىن يالڭۇز چىمەن كۆچاغا تولۇق ئىلگىرى بولۇپ كەلدى. بۇ چاغدىكى
كۆچا ھاكىمىيتى جىن شۇرېنىڭ پەن مەدەنىيەتنى چەكلەش
سىياسىتىنى كۈچەيتىپ يولغا قويۇۋاتقان بولغاچقا، ھامۇت ھاجى
بىلەن ئابلىھەسەن مەخسۇمنىڭ مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى
تىرىشچانلىقى نەتىجە بەرمىدى، مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
مۇمكىن بولمىدى، ئابلىھەسەن مەخسۇم ئۇستا خەتتات ئىدى،
شۇڭلاشقا ئۇ خەتتاتلىق ئارقىلىق ئىلىم پەن ئىشلىرىنى
داۋاملاشتۇرماقچى بولدى، 1928-يىلدىن 1931-يىلغىچە
كۆچا خانىقاسى قايتا سېلىنغاندا ئابلىھەسەن مەخسۇم شاگىرتلىرى
بىلەن بىرگە كۆچا خانىقاسىغا يېزىلىدىغان خەتلەرنى ناھايىتى چىرايلىق
قىلىپ يېزىپ چىقتى، يەنە بەزى ئەدىبلەرنىڭ تۆتلۈكلىرىنى يازدى،
ئابلىھەسەن مەخسۇمنىڭ يازغان ھۆسنخەتلىرى كەڭ جامائەتنىڭ
ھەۋىسىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ياشلار ۋە
ئوتتۇرا ياشلىق ھەۋەسكارلار ئابلىھەسەن مەخسۇمنىڭ ئەتراپىغا
توپلىنىپ ھۆسنخەت ئۆگەندى، ئابلىھەسەن مەخسۇمنىڭ
ھۆسنخەت نۇسخىسى 36 خىل بولۇپ، ئۇ بۇ ھۆسنخەت نۇسخىلىرى
يېزىش قائىدىلىرىنى خۇلاسىلاپ، «ھۆسنخەت قائىدىلىرى» دېگەن
بىر كىتاب يېزىپ چىقتى. بۇ تولۇق ناھىيە بويىچە ھۆسنخەت ئۆگىنىش
يۇقىرى دولقۇنىنى كۆتۈرۈۋەتتى، ھەتتا يېزىلاردىمۇ ھۆسنخەت
ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلدى. (ئابلىھەسەن مەخسۇم يازغان
«ھۆسنخەت قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى
يۈسۈپ نەزەر ساقلىغان بولۇپ، كېيىن باشقىلار ئېلىپ ئوقۇپ

يۇتتۇرۇپ قويغان) ئابلىھەمىت مەخسۇم بۇ ھەۋەسنىڭ ئەتكۈرۈسى
بىلەن مەدەنىيەت ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى داۋاملىق تەشۋىق
قىلدى. ھەم ئۆزى شاگىرتلىرىغا تىل ئەدەبىيات، جۇغراپىيە
قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەتتى. 1934-يىلىدىن كېيىن ئابلىھەمىت
مەخسۇم كۈچادىكى ئىلغار زاتلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئىلىم-پەن
ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش
قىلدى. 1936-يىلى مايۇشاڭ (ناسىر بەگ) كۈچاغا ھاكىم بولۇپ
كېلىپ، ئابلىھەمىت مەخسۇم قاتارلىق ئىلغارلارغا بولغان كونترول-
لۇقنى كۈچەيتتى. يەنە شۇ يىلى بىر بولۇم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر
ئابلىھەمىت مەخسۇم يېڭىچە تەشۋىق قىلىپ دىننى سۇسلاشتۇردى
دېگەن باھانە بىلەن ئابلىھەمىت مەخسۇم ۋە موللا مەھەمەت ھاجىنى تۇتۇپ
ئايرىپ خانىقادىكى تۈۋرۈككە باغلىدى. بارات ئاخۇن خەلپەت دېگەن
مۇتەئەسسىپ ئابلىھەمىت مەخسۇم ۋە موللا مەھەمەت ھاجىلارنىڭ يۈزىگە
تۈكۈرۈپ ھەم شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ ھاقارەت قىلدى. لېكىن مۇتەئەسسىپ
كۈچلەرنىڭ بۇنداق قارشىلىقلىرى ئابلىھەمىت مەخسۇمنىڭ ئۆزىنى
مائارىپقا بېغىشلاپ، ئىلىم-پەننى يۈكسەلدۈرۈش دولقۇنىنى قىلغۇچە
بوشاشتۇرالمىدى. ئابلىھەمىت مەخسۇم تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن
كۈچانىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئەمەلىي قىلىپ يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش
قىلدى. 1937-يىلى 3-ئاينىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى ئابلىھەمىت
مەخسۇمنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ تۈرمىگە تاشلىدى.
1943-يىلى ئابلىھەمىت مەخسۇم تۈرمىدىن چىقىپ كۈچاغا كەلدى.
بۇ چاغدا ئابلىھەمىت مەخسۇمنىڭ ئاپىسى (رازى ھاجىنىڭ قىزى) ئايدەم
باشقىلار بىلەن توي قىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەھۋال ئابلىھەمىت مەخسۇمغا

يىغدى ئەلەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئابلىھەمت مەخسۇم ئوقۇغانلىرى بىلەن بىرگە ئۆتمە كۆچى بولۇپ غۇلجىغا كەتتى. ئادرىسىن ئۇزاق ئۆتمە كېسەل بولۇپ، 1944-يىلى غۇلجىدا 48 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشتەك پىداكارلىق روھى كۇچا خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. كۇچا خەلقى ھازىرمۇ ئابلىھەمت مەخسۇمنى ياد ئېتىدۇ.

## 4- سوفىيە ئىبراھىم ئاكىۋا ۋە كۇچادىكى تۇنجى قىزلار مەكتىپى

1934-يىلى كۇچادا تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇنتىزىم قىزلار ئوقۇشىنى تەلەپ قىلىپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئوقۇيدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان ئابلىھەمت مەخسۇم باشچىلىقىدىكى كۇچالىقلار مائارىپ ئىشلىرى جەمئىيىتى ئورۇن، ھۆكۈمەت ھاجى تۇنجى يولى مەكتەپ قۇرغانلىقى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلغان ئىدى. ھازىرقى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇشقا ئېلىپ كېلىپ، قىزلار مەكتىپى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلدى. سوفىيە ئىبراھىم ئاكىۋا قىزلار مەكتىپىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە ئاتالىق بىلەن قاتنىشىپ، ئاكتىپلىق بىلەن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

سوفىيە ئىبراھىم قىزى ئاكىۋا 1902-يىلى رۇسىيىدىكى موسكۋادا ھۆكۈمەت قازاندا ئىشلەيدىغان ئاتىسى ئىبراھىم ئاكىۋانىڭ (تاتار) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ شەھەرلىك قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئىبراھىم ئاكىۋا تىل-ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. ئۇ 1917-يىلى موسكۋادىكى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، ئىشچىلار ئائىلىسىدىكى بالىلار مەكتىپىدە مۇئەللىم بولغان. 1920-يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، 1924-يىلى

يولدىشى ئەززەمخان تۇردە بىلەن بىرگە مائارىپ ساھەسىدە ئىزچىل
بىلدۈرۈش قوشۇنىدە ئەركىن، ئىپىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقان،
1925-يىلى يولدىشى ئەززەمخان تۇردە بىلەن بىرگە ئىشچانلىق ئۇرۇپ،
شۇ يىلى تىيازەد كوچىغا كېلىپ، كوچېرىق بويىدا ئولتۇراقلاشقان،
1933-يىلغىچە سوفىيە خانىم 3 باللىق بولغان. ئۇنىڭ ئۈچىگە
كېسەللىك بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ داۋالىنىشنى ئويلىغان
بولسىمۇ. باللىرى كىچىك بولغاچقا، باللار چوڭراق بولغاندا ماڭايلى
دەپ تۇرغاندا، ئىشچانلىق جۇملىدىن كوچا داخىللىق ئىشقىلابى پارتلاپ
قوزغىلىپ جەھەتتە بولغاچقا سەپەرگە چىقالمىغان. 1933-يىلدىكى
دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجانىياز ھاجى قەشقەرگە ئۆتۈلۈشتە
كوچادا بىر مەزگىل تۇرغان. ئەززەمخان تۇرۇبا ئىشقىلابىنىڭ تونۇشتۇرۇشى
بىلەن خوجانىياز ھاجىغا مۇشاۋىر بولغان. خوجانىياز ھاجى قەشقەرگە
ماڭغاندا ئەززەمخان تۇردە بىرگە كەتكەن. سوفىيە خانىم باللىرى بىلەن
كوچادا قالغان، 1935-يىلى خوجانىياز ھاجى ئىلىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ
ئىككى يىل تۇرغاندا، ئابلەھەت مەخسۇم باشچىلىقىدىكى كوچالىقلارنىڭ
مائارىپ ئىشلىرى جەمئىيىتى كوچا دارىلمۇئەللىمىنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن
بىرگە قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن، سوفىيە
خانىم قىزلار مەكتىپىنىڭ تەييارلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىش-
قان، خوجانىياز ھاجى كوچاغا كەلگەندە ئەززەمخان تۇردە بىرگە
كەلگەن. خوجانىياز ھاجى كوچادا دارىلمۇئەللىمىنى كۆرۈپ
خوشاللىققا ئابلەھەت مەخسۇم، ھامۇت ھاجى، ئابدۇسەمەت
قارى ئاخۇنۇم، [illegible] ئەپەندى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر

زاتلار دارىلمۇئەللىمىننى قۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن
بىرگە قىزلار مەكتىپى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەييارلىق ئەھۋالىنى دوكلات
قىلغان. بۇ چاغدا ئەززە مخان تۆرە: «مېنىڭ ئايالىم سوفىيە خانىم
مۇسكۋادا مۇئەللىم بولغان، ھازىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆمرى
بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. قىزلار مەكتىپى قۇرساڭلار مېنىڭ ئايالىم
مۇئەللىم بولسا بولىدۇ» دېگەن. ئابلھەمىت مەخسۇم چوقۇم قىزلار
مەكتىپى قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خوجا نىياز ھاجى «ياخشى
ئويلىشىپ بەرسەڭلار، شۇڭدەك قۇرۇپ چىقايلى» دەپ قىزلار مەكتىپىنىڭ
قۇرۇلۇشىنى قوللىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆچىرىلىپ بويىدا كىچىكرەك
بىر دىنى مەكتەپ بولۇپ، مۇساباي داموللا ھاجى قەشقەردىكى ئوقۇ-
شىنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ دىنى مەكتەپتە مۇدەررىس
بولغان ئىدى. مۇساباي داموللا ھاجى قەشقەردە ئوقۇغان چېغىدىلا
ياخشى ئوقۇپ داڭقى چىقىدىغان ئىدى. قوچاغا كەلگەندىن كېيىن
مۇساباي داموللا ھاجى دىنى ئالىملار ئىچىدە چوڭ شۆھرەت قازاندى.
بۇ چاغلاردا ساقساق مەدرىسىنى ئابلەم باي بىلەن ساتقى ھاجى
قايتا ياساتقان بولۇپ، بۇ مەدرىسىگە قەشقەردىن مۇدەررىس
تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ يۈرەتتى. ھاشىم ھاجى «مۇساباي ئاخۇن خەلپىتىم
قەشقەردە ياخشى ئوقۇغان ئىكەن، دىنى ئىلمى چوڭقۇر ئىكەن، مۇساباي
ئاخۇن خەلپىتىمنى مۇدەررىس قىلساق» دەپ تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن
مۇساباي داموللا ھاجى (قوچاغىدا ئېلچى ھاجى بولغان) ساقساق مەدرىسىگە
مۇدەررىس بولدى. كۆچىرىلىپ بويىدىكى دىنى مەكتەپنىڭ تالىپلىرى
ساقساق مەدرىسىگە يۆتكىلىپ ئوقۇدى. كۆچىرىلىپ بويىدىكى دىنى مەكتەپ
ئاساسەن بوش قالغان ئىدى. قوچاغىنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى قادىر ھاجى

خوجانىياز ھاجى تەرىپىدىن قويۇلغان كىشى ئىدى. ئەمما بولۇپمۇ مەخسۇم
باشچىلىقىدىكى كۇچا نەشرىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى قادىر ھاجىنىڭ
قىزلار مەكتىپىگە ئۆز ئۆيىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قادىر ھاجى
يۇقارقى دىنىي مەكتەپنىڭ ئورنىنى رەسمىيەت قىلىپ بۇنى مەكتەپ قىلىپ
ئۆزگەرتىشنى كۆزلىمەيتتى. ئەزىزە مەخان ئۆز ئېرى بىلەن سوفىيە خانىم
ئۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ قوزغۇلۇشىنى قىزغىن قوللاپ، بۇرۇنقى ئۆيى سىپاستا
تەييارلاپ قويغان دارام كىشىلىرىنى مەكتەپ قوزغۇلۇشىغا تەقدىم
قىلدى، مەكتەپ قوزغۇلۇشى بىلەنكىچە ئەزىزە مەخان ئۆز ئېرى خوجانىياز ھاجى
بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە كەتتى. سوفىيە خانىم ئۆيمۇ-ئۆي ئاردىلاپ
يۈرۈپ، قىزلارنى ئوقۇتۇشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا تەشۋىقات
ئېلىپ باردى. نەتىجىدە 70 نەپەردىن ئارتۇق قىزلار مەكتەپكە تىزىملاندى.
بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى.
سوفىيە خانىم مەكتەپنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن دەسلەپتە يەنە
دەرسلەرنى ئوقۇتۇش بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت قائىدىلىرى،
قىرائەت سۈرىلىرى ھەمدە كىيىم پىچىش-تىكىش، دوپپا تىكىش،
ئۆر توقۇش، رەشمە سېلىش قاتارلىق ھۈنەرلەر بويىچە
دەرس ئۆتۈپ، قول ھۈنەرلىرىنى ئۆزى بىۋاستە ئۆگەتتى. ئاز
ۋاقىت ئىچىدە قىزلار قۇرئاننى قىرائەت قىلالايدىغان، خەت يېزىپ
كىتاپ ئوقۇيالايدىغان، كىيىم پىچىش-تىكىش، دوپپا تىكىش، ئۆر
توقۇش، رەشمە سېلىش قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنى قىلالايدىغان
بولدى. بۇنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى ئارقا-ئارقىدىن قىزلىرىنى بۇ
مەكتەپكە بەرگەچكە، نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار 200 دىن ئاشتى. ئەمما بولۇپمۇ
مەخسۇم، موللا مەمەت ھاجىلار بۇ مەكتەپنىڭ خىزمىتىنى توسقۇن قىلدى،

1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۇچا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، قىزلار مەكتىپى رەسمىي
ئۇيۇشما تەمىناتىغا ئۆتكۈزۈلدى. سوفىيە خانىم قىزلار مەكتىپىنىڭ
مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، مائارىپ مۇدىرلىرى بىلەن تىل، دەرسلىك ماتېرىيال-
لىرىنى بەلگىلىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىدىكى دەرسلەرنىڭ
سىرتىدا تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تارىخ
قاتارلىق دەرسلەرنى دەرىجىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەكتەپتە ئاساسەن
يېڭى دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان بولدى. سىنىپ سانى، دەرس مەزمۇنى،
ئوقۇغۇچىلار سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ بارغانلىقتىن، سوفىيە خانىمنىڭ
يالغۇز ئىشلىشى كەمتى، ئۇ چاغدا كۇچادا ئاياللاردىن ئوقۇتقۇچى
بولالىغۇدەك كىشىلەر يېتىشمەيدى. شۇڭا غۇلجىدىن كۇچاغا
كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان چوڭ سودىگەر تاتار سەئىدۇللا ئەپەن-
دىنىڭ ئايالى مەرىيەم خانىم، قىزلىرى زەكىيە، لەتىپە خانىم،
كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاتار ھاجى كىچىكجاننىڭ قىزى (مىرقاسىمنىڭ
ئايالى) مۇكەررەم خانىملارنى دەۋەت قىلىپ كەلگەن. ئۇ زەينەپ خەدىچە
خانىم، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن شەمسىقەمەر،
سەلىمە خانىملار، كۇچا ناھىيىلىك سابىق ساقچى باشلىقى زەپپەر
مۇناسىپ (تاتار) نىڭ ئايالى شۆكۈرە خانىملار ئوقۇتقۇچىلىقنى
ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭى دەرسلەرنى ئۆتتى. بۇ 6 - 7 نەپەر تاتار
خانىملارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ
سەۋىيىسىدە ئىدى. بۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ شۆھرىتى بارغانسېرى ئېشىپ،
ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەي قالدى. شۇڭلاشقا
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1 - 2 - قارارلىق دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەن

يېتىشكەن كىچىكرەك ئوقۇغۇچىلاردىن ئابدۇخالىق تۇردى قاتارلىق 40 نەپەرنى
قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلىدى. ھەم قىزلار مەكتىپىنىڭ
بىلىم قابىلىيىتى يۇقىرىراق ئوقۇغۇچىلىرىنى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا
بەلگىلەپ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.
شۇ ۋاقىتتا قىزلار مەكتىپىنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىنى ئوقۇپ، بىلىم
سەۋىيىسى تولۇقسىزغا تەڭ بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن پاتەمخان،
ئايشەم زەيدۇن، پاتەم ناسىر، رابىيە مەمەتشا، مەريەم ئابدۇللام،
زورەم نەجمىددىن، خەلچەم نەمەت، رەيھانەم مەجىت، ئۆمەرخانەم
مەجىت، مەلىكەم ئەشمەتى، ئايشەم زەكرىيا، ئاتىكەم سەلىم، ئىبادەت
خۇدابەردى، تۇختەم ھەمرا، دىلەيسا خان بايىز، سوفىيەم بايىز،
ئايشەم رەقىپ قاتارلىق 40 نەپەر قىزلارنى تاللاپ چىقىپ، بىر سىنىپ
قىزلار دارىل مۇئەللىماتى (قىز مۇئەللىم تەربىيەلەش كۇرسى) ئېچىلدى.
بۇنىڭ مەسئۇلى سوفىيە خانىم بولدى. بۇلارغا تىل ئەدەبىيات،
سىياسەت، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت دەرسلىرىنى ئوقۇتۇشقا
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن ئابلىھەمت نىيازى، مەجىت قاسىم، ئەھەت ئايۇپ
قاتارلىقلارنى ئەۋەتتى. يۇقىرىقى 40 نەپەر قىزلار ئوقۇش پۈتتۈر-
گەندىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلاردا قۇرۇلغان قىزلار مەكتەپلىرىگە
بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولدى.

شۇ ۋاقىتلاردا يېڭى كەنتلەردىمۇ قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، قىز-
ئاياللار ئارىسىدا تەدرىجى ئومۇملاشتى. كەچ كۇرسلار ئېچىلىپ
ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەزمۇن قىلىنغان چوڭلار ئارىسىدا يولغا
قويۇلۇپ، ئاياللار ئارىسى تېز تەرەققىي قىلدى. سوفىيە خانىم
كوچىغا چىقىشتىن ئىلگىرى كوچىدا ئاياللارنىڭ ئىسمى تۇغۇلمايسىم كىرچەككە

قوشۇمچە زىننەت كىرگۈزۈش قاتارلىق قول ھۈنەرلىرى تارىختىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مەلۇم ھۈنەر-سەنئەتلىرى بولسىمۇ، تەرەققىيات سەۋىيىسى تېز ئەمەس، ئومۇملىشىشى كەڭ ئەمەس ئىدى. سوفىيە خانىم قىزلارغا رەسمىي دەرس قىلىپ ئۆزى بىۋاسىتە ئۆگەتكەن بولغاچقا-قىز-ئاياللارنىڭ قول ھۈنەر ئىشلىرى بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا تېز تەرەققىي قىلدى. كوچا ئاياللىرى ئىچىدە دوپپا، تەقىيە تىكىش، تون، ئايالچە كۆينەكلەرنىڭ يەڭگە ياقىلىرىغا ئۇۋاي گۈل تىكىش، ياستۇق قاپلىرى، ئاق، قىزىل لەديال ياپقۇچلارغا كەشتە گۈل تىكىش، رەشلىيە ئىشلەش چىمەنلىك، ئاياللارنىڭ تورتۇقۇلغان ئىچ كىيىملىرى، بوپايكا، مايكا، سانەت قاپچۇقلىرى توقۇيشقا ئوخشاش قول ھۈنەرلىرى ماھارىتى بىلەن بىللە ئومۇملىشىپ، كەڭ ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى گۈزەللىك ئېلىپ كەلدى. شىياتىر سەھنىلىرىدە قىزلار رول ئالالايدىغان بولدى.

1935-يىلدىن 1943-يىلغىچە ئارىلىقتا كوچا قىزلار مەكتىپى تەرەققىي قىلىپ 14 سىنىپقا يەتتى. سوفىيە خانىم مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىلىم-مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى بىرنەچچە خىل مۇھىم دەرسلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالدى، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق - ئىنتىزام ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، ئاتا-ئانىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كوچانىڭ چەت-چەتلىرىدە قالغان قىز-ئاياللىرىنى ئوقۇتۇپ، زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت يولىغا باشلاپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاياللارنىڭ ئازاتلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلدى.

سوفىيە خانىمنىڭ يولدىشى ئەززەمخان تۆرە خوجانىياز ھاجى بىلەن

بىرگە ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئىدى. ئاخىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن
ھەبسىگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. قىزلار مەكتىپىنىڭ ئىشىغا خىزمەت ۋە
ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن سوفىيە خانىمنىڭ ئەسلىدىكى
ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئېغىرلىشىپ، 1946-يىلغا كەلگەندە مەكتەپنىڭ
خىزمىتىنى باشقۇرۇشى قىيىن بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن
ئىستىپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇ-
چىلىق قىلىۋاتقان رابىيە مەمەت ئەسما مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.
سوفىيە خانىم ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ناھايىتى
كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاشۇ مەزگىلدە ئوغلى سەلىمجاننى لەنجوۋدا ئوقۇ-
تقان ئىدى. سەلىمجان 1949-يىلى 11-ئايدىن 1950-يىلى
1-ئايغىچە كۇچا ناھىيە خانىقاتام يېزىسىدا خىزمەت ئىشلىدى.
ھەم ئانىسى سوفىيە خانىمنى خانىقاتامغا ئېلىپ كەتتى. سوفىيە خانىم
1950-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى 48 يېشىدا كېسىلى ئېغىرلىشىپ ۋاپات بولۇپ،
خانىقاتام بازىرى يېنىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. سوفىيە
خانىم ئۆزىنىڭ پارلاق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي،
دۇنيادىن كەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى كۇچا
خەلقىنىڭ قەلبىدە قالدى. كۇچا خەلقى ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.
كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدا ھامۇت ھاجى
بىننى مۇھسىن قارى ھاجى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يول ئاچقان مائارىپ
پېشۋاسى بولۇپ، ئۇ 1913-يىلدىن 1917-يىلغىچە يېڭى مەھەل-
لىدە ئاچقان تۇنجى يېڭى مەكتەپ، تۇنجى قېتىم ئىلىم يېڭىنىڭ
ئۇرۇقىنى چاچتى. 1934-يىلدىن كېيىن بۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىپ
كۆكلەپ ياشناپ، 1942-يىلغىچە كۇچا ناھىيىسىدە مائارىپ ئىشلىرى

ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇجەرياندا رەھمۇت ھاجى،
ئابلىمىت مەخسۇم، سوپىيە ئىبراھىم ئاكىيۇۋا، ئابدۇ مەجىت قازى
ئاخۇن، نىزامىدىن ئەپەندى، مۇللا مەمەت ھاجى قاتارلىق
تەرەققىيپەرۋەرزاتلار خەلقنىڭ يېڭى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈپ، خەلقنى ئازادلىققا ئاساسلىدىن قوزغىلىدۇرۇش
ئۈچۈن ھارماي- تالماي كۈرەش قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.
بۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇئەييەن دەۋر
ئەزاسى، ئۈچ ناھىيىسنىڭ تۇنجى كوممۇنىست ھاكىمى، ئىنقىلابى
قۇربانلىرىدىن جىلونىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. بۇجەرياندا
يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلار ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى
ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئادىرلار
قوشۇنىدىكى تايانچى كۈچكە ئايلاندى. بىر قىسمى مۇھىم
ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. كۆپىنچىسى ئازادلىقتىن كېيىن
مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۇستازلىرى ئىشقا ئاشۇرالمىغان
ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.
ئازادلىقتىن كېيىن كۇچانىڭ مائارىپ ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن زور
تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

ئىلاۋە؛

كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ سابىق باشلىقى يولداش ئىمىن مەھەممەت كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخىنى يېزىپ چىقىش مەقسىتى بىلەن نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ماتېرىيال توپلاپ، 1984-يىلى «كۇچا يېڭىچە مائارىپ تارىخىدىن خاتىرىلەر» دىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ماتېرىيالنى تۇنجى قېتىم يېزىپ چىققان. ئۇ يازغان ماتېرىيالنىڭ بىر قىسمى «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 20-سانىدا ئېلان قىلىنغان. يولداش ئىمىن مەھەممەت ئۆز پىلانىدىكى كۇچا مائارىپ تارىخىنى يېزىپ تۈگۈ-تالماي 1987-يىلى 6-ئاينىڭ 29-كۈنى سەكتە كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. بۇ قېتىم «كۇچا ناھىيە تارىخى ماتېرىياللىرى» نى ئىشلەشتە، شۇ ماتېرىيالنى ئاساس قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بىر قىسىم جايلىرى تۈزىتىلدى ۋە تولۇقلاندى. بۇ قېتىم قايتا تەكشۈرۈشتە ئەھەت نايۇپ، تۇرسۇن ئىبراھىم، سابىر بەكرى، شۈكۈر ئىبراھىم قاتارلىق يولداشلار ياردەملەشتى. تەكشۈرۈشتىن كېيىن بۇ ماقالىنى سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىدىن يولداش مەھەممەت داۋۇت قايتا رەتلەپ يېزىپ چىقتى.

كۇچا 8-ئاي 1990-يىل

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى داڭلىق شەھەر - كۇچا

لىيالىڭ ژىنشىيالىڭ

كۇچا ناھىيىسى شىمالدا تەڭرىتېغى بىلەن، غەربتە ئۆگەن دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى شەرقتىن غەربكە قاراپ ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، كۇچا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، قەدىمدىن بويان «يىپەك يولى» شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم بازار، شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن. كۇچا شەھىرى ھازىرقى شەھەر، كونا شەھەر، شەرقىي شەھەردىن ئۈچ رايونغا بۆلىنىدۇ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھازىرقى شەھەر نوپۇسى 70 مىڭدىن ئاشىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن يېمەك ئىچمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە ياساش، رېمونت قىلىش سانائىتى بار، قول سانائەت جەھەتتە يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان كەشتىلىرى، پىچاق - قەلەمتۇراچ ياساش، دوپپا تىكىش، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش قاتارلىق ھۈنەرلىرى بار. سودا ئىشلىرى راۋاجلانغان بولۇپ، 4 ئورۇندا يېڭىدىن قۇرۇلغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، قاتار - قاتار ماگىزىن دۇكانلىرى بار. تاۋارلىرى تولۇق بولۇپ، مىسلىسىز گۈللەنگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كۇچا شەھىرى جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن يېڭى شەھەرنى مەركەز قىلغان بولۇپ، كۇچا بوستانلىقىنىڭ مۇۋاپىق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شىمال تەرىپىدىكى تەڭرىتېغىدا چارۋىچىلىق ۋە تاغ مەدەنلىرى قاتارلىق پايدىلىق شارائىتى بار. ھازىرقى ماياتاغ - كۇچا

تاشيولى بۇ ئاستا ئەگرى ئېقىننىڭ ئېگىزلىكىگە سوزۇلىدۇ، ئەسلىدىكى تاشيول كۇچا دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ، بۇ ئاستا تاغ ئىچىگە كىرىدۇ.

كۇچانىڭ تاغلىرىدا كۆمۈر قېزىلىشقا، تۆمۈر، مىس تاۋلاشقا بولىدۇ. راۋاجلانغان مەزگىلدە «سۇ يوللىرىغا ئىزاھات» دېگەن كىتابتا — «تاۋلانغان تۆمۈر - يوللار 36 دۆلەتنىڭ ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ» دەپ يېزىلغان. تاغ ئىچىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى شەھەرنى گۆش ۋە يۇڭ-تېرە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۆگەن دەرياسى، كۇچا دەرياسى ۋادىلىرىدىكى ئېتىزلىرى مۇنبەت. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن بوغداي، پاختا، قوناق، مېۋە، قوغۇن-تاۋۇز، سەي-كۆكتاتلار كۆپ چىقىدۇ. كۇچانىڭ زېمىنى كەڭ، قاتناش قولايلىق بولۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن شەھەرنى تەمىنلەش ئەڭ يېقىن. شۇڭلاشقا يېڭى شەھەر كۇچانىڭ كەڭ زېمىنىدا قۇرۇلغان، كۆتۈرۈلگەندەك جاي، قەدىمدىن تارتىپ، بۇ يەر ئاھالىلەرنىڭ مەركىزى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان. ھازىرقى يېڭى شەھەرنىڭ غەربىدە كۇچار ساي بار، كۇچار سايدىن ئۆتكەندىن كېيىن قەدىمقى سېپىلنىڭ بىر پارچىسى كۆرۈنەلى بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدۇ. ئارخېئولو-گىيىلىك ئىسپاتلاشقا ئاساسلانغاندا بۇ سېپىل كۇسەن قەدىمقى شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرەپ سېپىلى بولۇپ، سېپىلنىڭ دائىرە ئۇزۇنلۇقى 16 - 17 يول كېلىدۇ. كۇچا سايىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يەنە توققاي دۆڭ، يىلان دۆڭ قاتارلىق قەدىمقى قورۇلۇشلارنىڭ خارابىلىرى بار. كۇچا سايىنىڭ شەرقىدە قارادۆڭ بولۇپ، خۇۋالىڭ ۋېن بى ئەپەندى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇ جايدىن سىناپ قازغان،

بۇيەردىكى مەدەنىيەت قاتلىمى روشەن ھالدا ئىككى قاتلامغا بۆلۈنگەن
بولۇپ، دەسلەپكى مەدەنىيەت قاتلىمى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىگە تەۋە، دەسلەپكى مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ئۈستىدە
كېيىنكى دەۋر مەدەنىيەت قاتلىمى بولۇپ، قىزىل پىشۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان
ساپال، ھەجىر پارچىلىرى، مىس پۇل قاتارلىق نەرسىلەر بار. ئاساسلان-
غاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ خارابىسى خەن سۇلالىسى
دەۋرىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا
بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ،
خەن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇيەردە مەركىزى
شەھەر قۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «خەننامە. غەربىي رايون
تەزكىرىسى»دىكى «كۈسەن پادىشاھى يەن شەھىرىنى ئوردا قىلغان»
دېيىلگەن، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن. «ۋېيشۇ. غەربىي رايون
تەزكىرىسى»دە «پادىشاھنىڭ پايتەختى يەن شەھىرىدە، ئاقتاغنىڭ
170 يول جەنۇبىدا» دېيىلگەن، «سۇ يوللىرىغا ئىزاھات» 2- توملام
«دەريا سۇلىرى توغرىسىدا»دا: «شەرقىي ئېقىننىڭ سۈيى كۈسەننىڭ
شەرقىي شىمالىدىن كېلىدۇ، قىزىل تاغ، چۆل تاغدىن ئۆتىدۇ، تارماق
ئېقىنى، غەربىي جەنۇپتە رەپ بىلەن كۈسەن شەھىرىگە كىرىدۇ،
ئاھالى چىچۇسى دېيىلگەن چىكە يەن شەھىرى دېيىلىدۇ» دەپ يېزىلغان،
بۇيەردە دېيىلگەن شەرقىي ئېقىن سۈيى كۈچا دەرياسى بولۇپ،
شىمالىي تاغ سۇ باشتىن ئايرىلغان بىر ئېقىن غەربىي جەنۇپقا ئېقىپ كۈسەن
شەھىرىگە كىرىدۇ، بۇ دەريانىڭ بويىدا قەدىمقى شەھەر خارابىسى بولۇپ،
ھازىرقى يېڭى شەھەر تۈدۈشلۇق جايدا بولغان، ھازىرقى ئۇچار سايى
دەلمۇ-دەل مۇشۇ قەدىمقى خارابە شەھەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، بۇ

ئەھۋال «سۇ يوللىرىغا ئىزاھات» دا ئېيتىلغىنىغا ماس كېلىدۇ.

بۇ قېتىم تەكشۈرۈش ھەم شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋاقتىدا كۇسەن (خەنزۇچە ئاتالغۇسى چيۇسى) دەپ ئاتالغان ھەمدە بۇنىڭغا ئۇلاپلا يەن شەھىرىنىڭ مۇشۇ جاي ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان. خەن سۇلالىسى، ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە يەن شەھىرى دەپ ئاتالغان، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەن شەھىرى دەپ ئاتالغان. ئەمەلىيەت- تە ئىككى ئىسىم بىر جايدىن ئىبارەت. «ۋېي نامە» دە خاتىرىلەنگەن يەن شەھىرى ئاق ئاتىنىڭ 170 يول جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ «جۇ نامە»، «سۈي نامە» دە تىلغا ئېلىنغانلىرى «ۋېي نامە» دە خاتىرىلەنگىنى بىلەن ئوخشاش. «يېڭى تاڭنامە، غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «چيۇسىنىڭ يەنە بىر ئاتالىشى چيۇجى، پادىشاھ مۇلكى پايتەختى يەنى لولو شەھىرىدە تۇرىدۇ. شىمالىي ئاچى ئەگرى تېغىغا تۇتىشىدۇ. بۇ تاغ ئاق تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دائىم ئوت بار» دەپ يېزىلغان. يەنە «تۇڭدىيەن، چېگرا مۇداپىئەسى» دە: «چيۇسى پادىشاھى يەن شەھىرىدە تۇرىدۇ، ھازىرقى نامى يى لولو شەھىرى دېيىلىدۇ. پايتەختى شىمالىي تاغنىڭ 200 لى جەنۇبىدا» دېيىلگەن، يەنە «بۈگۈنكى ئەنشى مەھكىمىسى چيۇسى شەھىرىگە ئورۇنلاش- قان» دېيىلگەن. يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئاق تاغ دېگەن- كەن مەدەنلىرى چىقىدىغان جاينى يەنى بۈگۈنكى ئاقى تاغ رايونىنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇيەردە ئەسلىدىكى كان رايونىدا قېزىلغان بىر شەھەر قەلئەسى بار. بۇيەردىكى جەنۇ- بىدىكى تاغ ئىچىدە كۆمۈر قاتلاملىرى تەبىئىي ھالدا يېنىۋاتقان ھالەت بار بولۇپ ھازىرغىچە ئۆچكىنى يوق. ئەسلىدىكى چىقىپ

ئوت كۆيۈپ تۇرغان ھالەتتىكى بارلىقىنى راست دېيىشكە بولىدۇ، كان
رايونىدىكى قەبرىستانلىق شەھەردىن ھازىرقى يېڭى شەھەرگىچە 170 يول
ياكى 200 يول كېلىدۇ. مەيلى «تۇبېي نامە»، «جۇنامە» «تۇگۇن يەن»
ياكى «يېڭى تاڭنامە»دە يېزىلغان ئارىلىق ھازىرقى ئاق تاغ بىلەن
يېڭى شەھەرگىچە بولغان ئارىلىق بىلەن تامامەن ئوخشاش. يۇقى-
رىلاردىن بولغۇنىكى يېڭى شەھەرنىڭ ئورنى خەن، تاڭ دەۋرىدىكى
چېيۇسى قەبرىستانلىقى پايتەخت تاڭ دەۋرىدىكى ئەنشى ھەربىي قول
مەھكىمىسى تۇرغان جاي ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.
ھازىرقى كوناچايىڭى شەھەر 1958 - يىلى باشلاپ قۇرۇلغان. كوچادا
ھەر يىلى دېگەندەك ئالاھىدە زور كەلكۈن ئاپىتى بولۇپ، كونا شەھەر-
نىڭ بىر قىسمى كەلكۈن سۈيىنىڭ زەربىسىدە بۇزۇلۇپ تۇرىدىغان
بولغاچقا تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغاندا ھازىرقى يېڭى
شەھەرنىڭ ئورنى شەھەر قۇرۇلۇشىغا مۇۋاپىق بولغاچقا،
يېڭىلانغان. ئەسلىدىكى چېيۇسى قەبرىستانلىق شەھەر خارابىسىنىڭ ئور-
نىغا يېڭى شەھەر قۇرۇلغان. ئەسلىدىكى كونا شەھەر چىڭ سۇ-
لالىسى چەنلۇڭنىڭ 58 - يىلى قۇرۇلغان دائىرىسى تەخمىنەن 4 يول
سېلىنغان بىر تۇپا سېپىل بولۇپ، كېيىن ئىشقىلىپ قۇربانلىن جىلۇنىڭ
خاتىرە سارىيى موشۇ سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېڭى شەھەرنىڭ
قۇرۇلۇشى يىلانى كىچىك شەھەر بازىرىنىڭ كۆلىمىنى ئۆلچەم قىلىپ،
ئاساسىي يوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىردىن قىلىپ قوش يوللۇق
ئېلىنغان. ئوتتۇرىغا گۈللۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پىيادىلەر
يولىنىڭ يېنىغا ئورمان بەلۋېغى جايلاشتۇرۇلغان، ھازىرقى دەۋلەتلىك
قۇرۇلۇشلار باشلىنىپ، ئاساسلىق كوچىلار شەكىللەندى، ئىدارىلار

كۆكلەپ سايە تاشلاپ، دەسلەپكى شەھەر مەدەنىيىتى شەكىللەندى، ھازىرقى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدا تېرىلغۇ يەرلىرى تەييار قىلىش ئۈچۈن، يېڭى شەھەرنىڭ تەرەققىياتى تىزگىنلەندى، بىر قىسىم سانائەت كارخانىلىرى ۋە قاتناش ترانسپورت تارماقلىرى يېڭى شەھەرنىڭ شەرقىدىكى سايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شەرقى شەھەر رايونى بارلىققا كەلدى، بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى پائالىيەت ئارقىلىق سايلىق كۆكەرتىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شەھەر بازارى بولۇپ شەكىللەندى،

كۇچا شەھىرى تارىختا يالغۇزلا غەربىي دىيارنىڭ غەربىي ئەللەر، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپلا قالماي، ئۆز ئارىچە جۇغراپىيىلىك ئورنىچە ھەمدە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ھىندىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كۈسەنگە، ئاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان، ئىسلام مەدەنىيىتى ئەرەبىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كۈسەنگە ئۇندىن كېيىن يەنە شەرقتە تۇرپان، قومۇللارغا تارقالغان، بۇددا مەدەنىيىتى تەخمىنەن مىلادى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە كۈسەنگە تارقىلىپ كىرىپ خەن سۇلالىسى ۋە جىن سۇلالىسى دەۋرىدە تازا راۋاجلانغان. «جىن نامە» دېگەن كىتابتا: «بۇ شەھەر ئۈچ قات بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا مىڭ جايدا بۇددا مۇنارى ۋە بۇتخانىلىرى بار» دېيىلگەن، ئۇ چاغدا بەييەن، كۇمراجىۋا دەك يۇقىرى ئىناۋەتلىك راھىبلار بولغان، ئۇلار بۇددا دىنىدا چوڭقۇر بىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، بىر قانچە خىل تىلنى بىلەتتى، بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا كۇمراجىۋا ئاتاق چوڭ تەرجىمە شۇناسلىقنىڭ بىرى ئاتالغان، بۇددا دىنىنى شەرققە تار-قىتىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان، بۇددا دىنى كۈسەندە بوستانلاشماي

تارقالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە خەنزۇلارنىڭ بۇددا دىنى
مەدەنىيىتى غەربكە تارقىلىپ، كۇسەننىڭ بۇددا دىنى مەدەنىيىتى تېخىمۇ
راۋاجلانغان. شۈەنزاڭ غەربكە ساياھەت قىلغاندا، بۇ يولنى تاڭ دەۋرى
«غەربىي دىيار خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە چاۋخۇلى ئىبادەتخانىسى، ئاچىلىرىبا-
دە ئىبادەتخانىسى، چوڭ يىغىلىش ئورنى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى بۇددا
دىنىنىڭ ئىسىل جايلىرى بولۇپ، چوڭ يىغىلىش ئورنىدا ئېگىزلىكى 90 چىدىن
ئاشىدىغان ھەيۋەتلىك بۇت ھەيكەل بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ
گۈللەنگەن چاغلىرىدا خەنزۇ راھىبلار ئىبادەتخانىلارغا رىياسەتچىلىك
قىلغان. كەييۈەن 15-يىلى (مىلادى 727-يىلى) شىنجىلولۇق راھىب
خۇيچاۋ كۇسەنگە كەلگەن. خاتىرىلىنىشىچە ئەنشىدە ئىككى ئىبادەتخانىغا
خەنزۇ راھىبلار رىياسەتچىلىك قىلىپ، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ گۆشنى يېمەي-
دىغان قائىدىسىنى يولغا قويغان.

دايۈنسى ئىبادەتخانىسىنىڭ باشلىقى شۇشىڭ سۆزمەن كىشى بولۇپ،
ئىلگىرى پايتەختتىكى چىباۋتەي ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى ئىدى. دايۈنسىدىكى
فىنانىڭ ئىسمى يىچاۋ بولۇپ، ئۇ مۇقامغا بىر يېتىشقان ئۇستا، سۆزمەن
كىشى ئىدى، ئۇ بۇرۇن پايتەختتىكى جۇاڭيەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى
ئىدى. دايۈنسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى مىڭ خۇي بولۇپ (بۇ ئىسمىنى ھېلىمۇ
تاپالمىدۇق كۆرۈنەلى بولىدۇ) ئەخلاقى ياخشى داڭلىق كىشى ئىدى،
بېيتىڭشى پايتەختتىن كەلگەن راھىب ئىدى. بۇ كىشىلەر بىلىمى چوڭقۇر،
ئەخلاقى كامىل، دۆلەت ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. لوڭشىڭ
ئىبادەتخانىسىنىڭ باشلىقى مەشھۇر قاغەي خەنزۇ بولۇپ ئەنشىدە
تۇغۇلغان، ئۇ بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، سالاپەتلىك كىشى بولۇپ
ئىچكىردىكى خەنزۇلاردىن قېلىشمايتتى. كۇسەن خۇيچاۋ (قىيسىقى تۆت غوللار)

خانلىقىدا ئۆزىدە كۇسەنلىكلەر يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قۇمتۇرا-
دىكى تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىسىدا كۇسەن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، خوئيگۇ يېزىقى
بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغان خەت بار. بۇ ئەھۋال خوئيگۇ ئاھالىسىنىڭ غەربكە
كۆچكەندىن كېيىن بۇددا دىنىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
كۇسەنلىكلەر تاكى 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد
قىلغان بولۇپ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

بۇددا دىنىنىڭ كۇسەندە تارقالغان تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ
مەدەنىيىتىگە تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. ھازىر بۇددا دىنىنىڭ قالدۇق
[illegible] تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ
[illegible] خارابىسى بار. تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلىرى ئىچىدە قۇمتۇرا [illegible]
[illegible] بولۇپ، [illegible] يادىكار-
لىق [illegible]. بۇ تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلىرى [illegible] 30 [illegible]
[illegible]
[illegible]
1/2 [illegible] بار. بۇ تاش ئۆڭكۈرلەر [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

نىيەت سەنئىتىنى ساقلاپ قالغان تۇخۇ ئامبار دەپ ئاتىسا ھەرگىز ئاشۇر-
ۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلاردىن يەنە قىزىلقاغا، سىم-سىم، مازاربېغى، بوستان توغراق قاتارلىق جايلاردا بار. ئالدىنقى ئىككى جاي ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن، بۇ دادىنى بۇتخانا قالدۇقى قەدىمقى جايلىرىدىن چاقىلىق ئىبادەتخا- نىسى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى، بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئورنى كۇچا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى كۇچا دەرياسىنىڭ سۇبېشىدا بولۇپ، دەريانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدىكى تاغدا قۇرۇلغان، ئىبادەتخانىنىڭ بۇ ئىككى قىسمىنى كەتكەن، ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىنىڭ قورۇقلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەتكەن. قەلئە قالدۇقىنىڭ ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانا بۇتخانا قۇرۇ- لۇشىنىڭ ... ئاخىرىدا ... ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈ- رۇپ بېرىدۇ. ... ئىبادەتخانا ... بۇتخانىلار ... غەربىي تەرەپتىكى ئىبادەتخانىدا ... قۇرۇلغان جايلاشقان ... بىر بۇتخانىلار بار بولۇپ، ... ياسالغان، غەربىي تەرەپتىكى ئىبادەتخانىدا بىر ... ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭ ... ئۈستىدە ياسالغان، ئاساسى ... ياسالغان، ئىككى ... ئۆيى ئېچىلغان. ... ئەسىرلەردە ... بولغان ئەسەرچە بۇ ئىبادەتخانا ئىسلام دىنى ... بولسىمۇ ھەقىقەتەن ئاز بولىدىغان بۇددا مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىدىن ١٩- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئاز بولمىغان چەتئەل ئارخولوگ-

ئاسىلىرى تالان - تاراج قىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا كېچىكرەك ئىبا-
دەتخانىلار سۇھايىرەت قىلىنمىغان،

ئىسلام دىنى كۇچاغا چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان
ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە تارقىلىپ كىرگەن. بۇنىڭدەرق
چاغاتاي خانلىقى دۆلىتىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانە ئەر-
شىدىنىڭ قايىل قىلىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەمدە
ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەسمىي ئۆتكەن. مەۋلانا ئەرشىدىن دىن
تارقاتقانلىقى شەرقىي چاغاتاي موغۇللىرىدىن 160 مىڭ كىشىنى ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئورنىنى ئۆتۈملۈك
مۇستەھكەملىگەن. شۇڭا مەۋلانا ئەرشىدىنگە ھۆرمەتكە لايىق
دىنىي ئورۇن ھەم دىنىي ئىمتىياز بېرىلگەن. مەۋلانا ئەرشىدىن ئەگرى
تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ باشلىقى قىلىپ بېكىتىلىپ، ئۇ
كۇچادا ئۆزى باشقۇرىدىغان خانىقا قۇرغان. جۇملىدىن بىر قىسىم
دىنىي باج مەۋلانا ئەرشىدىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلگەن.
مەۋلانا ئەرشىدىن كۇچاغا كېلىپ دىن تارقاتقانلىقى، بۇددا دىنى
كۇچادا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن
كەلگەن قارى، شەيخلەرنى دىنىي ئۆگىنىش قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ،
مەسچىت مەدرىسىلەرنى سالدۇرۇپ، دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ،
دىن تارقاتقان. بۇ دىنىي ئۆگىنىش بەزى جايلاردا كوسەن ئىسلام
جەمئىيىتى دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ موغۇللارنىڭ KOSon دېگەن
سۆزىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى، ئەمەلىيەتتە كۇچا ئىسلام جەمئىيىتى
بولۇشى ئېھتىمال. مەۋلانا ئەرشىدىن ئەنە شۇنداق كۈچلۈك
دىنىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ھەم ھەربىي ئىشلارچە ھەتتا تۇغلۇق

تۆمۈرخاننىڭ تىرەك بولۇشى بىلەن ئۆز رەئىيەتنى ئاھالىسىنى ئىسلا
ملاشتۇرۇلغان، 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەۋلانا ئەرشىدىدىن
ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ دىن تارقاتقۇچى كۈچلىرى تۇرپان، ھەتتا
قەشقەر، خوتەنلەرگىچە يېتىپ باردى. مەۋلانا ئەرشىدىنىڭ
دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن كۇچا ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە
ئايلاندى. ئىسلام مەدەنىيىتى كۇچادا تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ
غايەت زور رول ئويناپ كەلمەكتە.

بىرىنچىدىن باشلىقى مەۋلانا ئەرشىدىدىننىڭ ئىسلامىيەتنىڭ كۇچادىكى
ئەۋلىياسى دەپ ئاتىلىشى ئەنە شۇ. ئۇنىڭ قەۋرىسى مۇسۇل-
مانلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايى، قەبرە يېڭى شەھەر كۇچار
بېيىنىڭ شەرق قىرغىقىدىكى مەۋلانا خوجام مازىرى مەسچىتىنىڭ
يېنىدىكى زور سېپىل سايە تاشلاپ تۇرغان قەبرىستانلىقتا ھەيۋەتلىك
قىياپەتتە شەكىللەندى. بۇ قەبرىستانلىق مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ
دەپنە قىلىنغان جايى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر چاسا تاختاي خەنزۇيېزىقىدا
( 天方列聖 ) «ئەرەب ئەۋلىيالىرى» دېگەن خەتلەر بار؛
بۇ قەبرىنى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكار-
لىق ئورنى قىلىپ بېكىتكەن.

كۇچا ناھىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى چوڭ جامەسى خانىقا
بولۇپ، بۇ مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشى دەرۋازا بىناسى ۋە مەسچىتتىن
تەركىب تاپقان بولۇپ، دەرۋازا بىناسى 4 قەۋەت بىنادەك ئېگىز
بولۇش بىلەن ئەسلىدە كونا شەھەردىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش
ئىدى. يەتتىشتاق ئۇستىدە ئەزان توۋلانسا پۈتۈن شەھەرگە
ئېنىق ئاڭلىناتتى. جامە ئىچىدىكى ناماز ئوقۇلىدىغان كەڭ زالدىكى

تۈۋرۈكلەرگە ۋە تۈۋرۈكلاردىكى جاھازلارغىمۇ ئوخشىمىغان نەقىشلەر
ئويمىلىرى كۆركەم ئىشلەنگەن. مەسچىت ئىچىدە بىر قازىخانا بار بولۇپ،
ئۇ ئىلگىرى ھاكىمىيەت بىلەن دىننىڭ قوشۇلۇپ بىر بولغانلىقىنىڭ
ئىسپاتىدۇر. ئىسلام دىنى بۇرۇن مائارىپ ھوقۇقىنىمۇ ئىگىلىگەن،
ئاتالغانلىقى دەسلەپكى جامەلەرنىڭ كۆپىدە 20 مەدرىس (خەلپىچە
دىنى بىلىم يۇرتى ياكى دىنى شۇ يەردە ئوقۇپ تەرجىمە قىلىناتتى) 67
دىنى مەكتەپ بار بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئۆسمۈر بالىلارنى
ئۆگىتەلىگەن ئىدى، تېخى سىرتتىكى ناھىيىلەردىن كېلىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ
بار ئىدى.

كۇسەن — كۇچا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقى بىلەن
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى چىققان. كۇسەن نەغمىسىنىڭ
داڭقى ئىچكى جايلارغا تارقالغان. مەشھۇر مۇزىكا ئالىمى سۇجىپو
كۇسەنلىك ئىدى. كۇچانىڭ يەنە ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دېگەن
ئۇلۇغ نامى بار. زامانىمىزدىمۇ تونۇلغان ئۇسسۇلچىلار دۇنياغا-
كېلىپ ۋە تەمتەنلىك سەنئەتكارلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ماھارەت تارىخىنى
كۆرسەتمەكتە. ئوردۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي
شەھەر كۇچا ۋە ئەتراپىنىڭ قەدىرلىرى ئوچۇقچىلىقى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە ھەم ئۆزىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى داۋاملىق يېزىپ،
يېڭى - يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دوست-
لىرىنى كۈتۈۋالماقتا.

كۇچانىڭ مەشھۇر سەيلە ساياھەت، ئاسارە ئەتىقىلىرىنى
يىغىنچاقلاپ تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەشكە بولىدۇ.

ئوچار بىغى ئۆردۈكلەر، خۇش پۇرايدۇ ھاۋاسى،
كۈسەن كىچىك بويىلى، ياڭرار نەغمە ناۋاسى،
ئەرشىنىڭ مازارى ئەۋلىيالەر جايىدۇر،
خانىقادىن ئاڭلىنار ناماز- نۇزرەتنىڭ سادىسى،
چاقۇ گۈلدە بار تىغى ئىگىز بوددا مۇنارى،
قۇمتۇرىدىكى مىڭ ئۆيدۇر بۇلۇق سەنئەت سارايى.
ئۈيسۈن يولى ھەيۋەتلىك چوققىلاردىن ئۆتىدۇ،
يولدا كۆرۈنۈر قەلئە - تۇر، ئۆتمۈش تارىخ گۇۋاھى،
جىلۋە قىلار قىزىلتاغ خۇددى كۆيگەن يالقۇندەك،
چۆلدە گۈللەنگەن كۆللۈك سۇدا ئەۋرە ئورمان سايەسى،
قەدىم قورغان ئىلىك تۇرار ئۆڭكى يانا - چوققىدا،
شىقىراقتەك ئۆزۈۋەتكەن ئۆتكەلدىن رەۋا ياداسى،
ئۆگەن دەريا بويىدا ئانار نەشرى گۈلىپ،
تومۇرا قىلداشاق ئىچىدە گۈزەل ياشىل يايلاق بار،
بۆجىن ئامبار ئىچىدە ئۆرپا قوشار پالاقلار،
تال تاللىقتا ئىچىدە ئۆزۈملىرى ئۆرچاچار،

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەھمەت ئايۇپ
مەھەممەت داۋۇت
ئۆمەر تۆختى
تەرجىمە تەھرىرى: مەھەممەت داۋۇت

1990-يىل 8-ئاي، كۇچا

# كوچادا سانائىي نەپىسە (تىياتىر) نىڭ
# بارلىققا كېلىشى

ئەھمەت ئايۇپ

1) 1931 - يىلى خوجا نىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىشى، قۇمۇلدىكى مۇستەبىت ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىستىبدات جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلغانىدى، شىڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتا مۇسابىقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش ياساپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆزىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە خوجا نىياز ھاجىغا مائاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپە بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى ۋە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن «(1) جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش (2) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش (3) مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، (4) پاراخورلۇققا قارشى تۇرۇش، (5) تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، (6) يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش» تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتىنى يوشۇرماقچى بولدى ۋە، كېيىن خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىرگە دېھقانلار ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلغان مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت سىجاڭ) 1934 - يىلى شىڭ- شىسەينىڭ ساختا سىياسىتىدىن گۇمانلىنىپ ئۆزىگە قاراشلىق 4 پولك

قوشنۇن بىلەن قەشقەردە قالدى ۋە، قەشقەردىكى تەرەققى
پەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، مەھمۇت مۇھىتى
نىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن 1910 - 1912 - يىللىرى ئېچىلىپ توختۇ-
تۇپ قويۇلغان يېڭى مەكتەپلەرنى ئاچىتىپ، ئوقۇتۇش باشلىدى.

2) كۇچادىمۇ 1934 - يىلى ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ تەشەببۇسى
بىلەن ھامۇت ھاجى، شېرىپ خوشۇر، مۇساپىر شاكىرۋاڭ، ئابدۇخ-
دىھىم قارى زۇنۇنى، تۇرسۇن ئاخۇن، ئابدۇقادىر مۇختار،
ئابلىمىت نىياز قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان، بىر مەدەنى
مائارىپ تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، پائال خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق
خوجانىياز ھاجى ناسىل، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىلدى. مەكتەپ
دەرۋازىسى ئۈستىگە «كۇچار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئالىيە،
بىپەرمايىش ھاجى خوجىنىيازىيە» دېگەن تاۋىسكا ئېسىلدى.

مائارىپ تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن شېرىپ خوشۇر (تاتار)
1930 - يىلى روسىيە روشتىدى گىمنازىيەسىنى پۈتتۈرۈپ، بىرمەزگىل
ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، 1933 - يىلى تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى
بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، چۆچەك تۇلايىتىدە بىرمەزگىل تۇرۇپ،
1934 - يىلنىڭ بېشىدا كۇچاغا كېلىپ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان،
بۇ ئادەم گەرچە بىلىملىك بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلىق گۇۋاھنامىسى
بولمىغانلىقتىن دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تۇرۇپ
مەكتەپنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

3) 1934 - يىلى 5 - ئايلاردا شېرىپ خوشۇر مەسئۇل بولۇپ،
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئابدۇقادىر مۇختار، سۇلايمان توختى،
ئابدۇخالىق ساقى، تىجارەتچىلەردىن ئابدۇقادىر ئاخۇن، نىياز ئاخۇن،

نىزامىدىن ئاخۇنلارنى ئوقۇتۇشتۇرۇپ سانائى نەپىسە گۇرۇپپىسى[22]
تەشكىل قىلىپ، سوۋېت ئۆزبېكىستان سەھنىلىرىدە ئوينالغان
كومېدىيە، ئاختىما - تۇنسۇللارنى رېپېتىتسىيە قىلىپ تەييارلاپ،
شېرىپ ھوشۇر ئۆزى باش رول ئېلىپ، كۇچا كوناشەھەر ئوقۇغۇ-
چىلىرى ئوقۇشما پېندەكى سوۋېتكە باغرى دېگەن خەنزۇ ناتىقىنى تونۇش-
تۇرۇپ سەھنىدە تەييارلاپ بىرىنچى قېتىم ئويۇن قويغان. سەھنە
ئۈستىگە يېشىل قىزىل لاتىغا «سانائى نەپىسە - ئىبرەت تىياتىرى»
دېگەن چوڭ خەت يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغان، دېمەك، تىياتىر كۇچادا
بىرىنچى قېتىم ئوينالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېلىم قادىر ھاجى، يۇرت كاتتىلىرى-
دىن تاپا ئۇللا باي، ئىسلام باي، سادىق ھاجى، يۇنۇس ئاخۇن باي قاتارلىق
كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرغانىدىن باشقا خەلققە بىلەت ساتقان،
كۇچا خەلقى تىياتىر دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغان ۋە بۇ خىل ئويۇننى كۆرمىگەن-
لىكى ئۈچۈن ئىنتايىن قىزىقىش ۋە بەس-بەس بىلەن كۆرگەن. كۇچا
خەلقى تەسلىمە، توي، مەشرەپ، ئاختىما - تۇنسۇل، نەغمە - ناۋاغا ئىنتايىن
ئامراق بولسىمۇ، بۇ خىلدىكى يېڭى مەدەنىيەت تەشەببۇسلىرىنى ياقلىغان، ئىستېمالچى-
لىقان، سەھنىلەشكەن ھەممە مەزمۇن جەھەتتە، قۇۋۋەتلىدى، خورلاپ تىللىغىنى
قامچىلاپ، دۇئاگۇي، رەممال، پىرىخونلارنى پاش قىلىپ يېڭى مەدەنىيەت
ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلغان يېڭى مەزمۇندىكى ئويۇنلارنى بىرىنچى قېتىم
كۆرۈشى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىپ بېرىۋاتقان
يوشۇرۇنچىلىق. ساپپالىتلارغا قارشى كۈرەش بىلەن، سوتسىيالىستىك
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەشۋىق قىلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغان،
بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر تىزلىگەن دېھقانلار تۇپراق ياشلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈ-
رۈشتە مۇھىم تەسىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى مەزمۇنلار كۇچانىڭ

شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىئولوگىيە جەھەتلەردە، دىنىي ئەقىدىچىلىكنىڭ ئەسىرىگە نىسبەتەن سولچىللىق ئەرىپى بولغانلىقتىن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئىيا شىرىمە زەمۇنخا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەرز قىلغاچقا ھاكىم قادىر ھاجى دىيانايى ئەپسىمەنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىنى چاقىرتىپ، ئىياشىر ئويناشنى توختىتىپ قويۇشقا بۇيرىغان.

4) 1935-يىلغا كەلگەندە ئەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ئۇلغۇيىشى، خەلقنىڭ ئىلىم-پەن-مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشى نەتىجىسىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەئىسى ئابدۇللام باينىڭ قوللىشى، ئابلەھمەت مەخسۇم، شىرىپ ھوشۇر، تۇرسۇن ئاخۇنلارنىڭ خىزمەت ئىشلەپ تەشكىللىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىختىيارىدا كۆچا سەنئەت ئۆمىكى رەسمىي تەسىس قىلىندى، تۇرسۇن ئاخۇن (خوتەنلىك) ئۆمەك باشلىقى بولدى. 1-قارار دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن شىرىپ ھوشۇر، سۇلايمان قانۇنى، ئابدۇخالىق مىساقى، ئابلەھمەت نىياز، 2-قارار دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەھەت نايىپ، مەمتىمىن بايىنى، ئەخمەت ئەزەر، مەدەنىيەتپەرۋەر ياش ھەۋەسكارلاردىن: ئابلەسەت ئەجىمىدىن، ئابدۇقادىر ئاخۇن، نىزامىدىن ئاخۇن، نىياز ئاخۇن، ھاشىم شىرىپ، نەسىرىدىن ئاخۇن، ئابدۇۋاھىت مەخسۇملار ئەزا تەسىلىدىكە قاتنىشىشتۇرۇلغان ئىدى، رادىئوخودىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئاجرىتىپ بەرگەنتى، ئۇدىنى كۆچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەرىپەتچى ئۇيۇشمىسىكى خوتەنلىك تۇلۇق ئاخۇننىڭ سادىرىپ بولۇپ سازچىلىق ئوخچىلىرى؛ داۋاز ھاشىم ھاجىم، ئوغلى ھاشىم ئىبلى باشلىق ئۇيۇن ئەچىچە قابىل سازچىلار ئىدى،

دېمەك، بىرىنچى قېتىملىق ئويۇنلىنى ئەپيارلاش ۋە ئاتقانلىق جاپاپارىنە يەكلىدى، ئابدۇۋەھىم ئاخۇن ئىكى توي دېگەن تىلكىلىشنى ئۈزۈمچىكە يېڭىدىن قوشۇلدى، بۇ تىلكىلىشنى 1925-يىللىرى سوۋېت ئۆزبېكستاندا ئوقۇپ بىرمەزگىل ئەرتىس

بولۇپ ئىشلەپ 1933 - يىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ كىيىن كۇچاغا كېلىپ سەنئەت
شائىرلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان، بۇلار كېلىپلا ئۆمەر كېنائاتىر، تۇرسۇنلارنى
ئۇيۇشتۇرۇپ ئىدى. شەرىپ ھەدىنۇر، تۇرسۇن ئاخۇنلار ئۇلارغا ياردەملىش-
غان بولۇپ يېڭى ئويۇنلارنى دېپىتىسىز قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئويۇنلارنىڭ
كۆپ قىسمى ئۆزبېكىستاندىن سەھنىلەردە ئوينالغان ئويۇنلارنىڭ نۇسخىسى
بولۇپ، بۇرۇنقى فېئودال يەر ئىگىلىرى، زومىگەر ئەمەلدارلارنى ئاغدۇرۇپ،
سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلۈش ئورنىتىپ بېرىپ تۇتقان ۋەزىيەتنى
تەشۋىق قىلاتتى. شۇنىڭدەك ياشلارنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەپ،
ساختا دە ئاياللارنى دەپسەندە قىلغان ئامۇقاپىقلىق تۈزۈملىرىنى
سۆككەتتى. سەنئەت ئۆمىكى تەربىيەسىدىن ئوينالغان ئويۇنلار جانلىق بولۇپ،
خەلقنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بەزى
مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماستىن،
تەشكىلىي بىرلىكتە سەنئەت ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئويۇن
ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ ماڭغانلىقتىن كەڭ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە
ئېرىشتى. 1936 - يىلى كەلگەندە ئەنە جاپار ئەپەندى باشچىلىقىدا سەنئەت
ئۆمىكى تۇغۇلۇپ، ئاياللارنىڭ بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان ئويۇن قويدى.
1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش باشلانغانلىقى بىلەن
كۆپلىگەن تەسىرى كۇچادىمۇ بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئەدەبىي - سەنئەت
پائالىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. 1938 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ
شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك تارقاق ئادەم
تۇتۇشقا كىرىشتى. كۇچادىمۇ ئەدەبىياتچىلار، مەدەنىيەت زاتلار، مىللىي
دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلەر، ئاتاقلىق بايلاردىن بولۇپ، ئابلىمىت مەخسۇم،
تۇرسۇن ئاخۇن، ئابدۇرەھىم قارى، زۇنۇن ئۆلى، سادىق ھاجى، ئابدۇللا باي،

ئىسلام باي، ئابدۇمېجىت قازى، ھامۇت داموللاجى قاتارلىق 100 دىن
ئارتۇق كىشىنى تۇتقۇن قىلدى. بۇلاردىن 15 دەك كىشى كېيىن قايتىپ
كەلگەن بولسىمۇ، 90 دىن ئارتۇق كىشى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى،
جاپپار ئەپەندى بىلەن شەرىپ خوشۇر بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇتقۇن
قىلىنغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن كۇچادىن قېچىپ كەتتى. دېمەك،
1937 - يىلى 7 - ئايلاردا ماخۇسەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يېتىراپ
يۈرگەن قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن شېڭ شىسەي ئاقسۇ
ۋىلايىتىگە جوسە لىموجاڭنىڭ باشچىلىقىدا بىر پولك قوشۇنلىرىنى ئەۋەتكەن،
بۇنىڭغا ياردەملىشىشتۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇ شەھەر مەكتەپلىرىدىن
يېشى 18 توشقان 200 دەك ياش ئوقۇغۇچىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ
ترانسپورت دادۈيى تەشكىللەپ، بۇنىڭغا ئابلا ئۆمەر دېگەن كىشىنى
تۇەنجاڭ قىلىپ ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ كىشى ئەسلى جوسەنىڭ
قىزىل ئارمىيە ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن پاسىلىك ئادەم بولۇپ،
ترانسپورت دادۈينى باشلاپ ئاقسۇ شىمالىي ئاغرىق تىكى ئوسمان تۆرىنىڭ
ۋە باي ناھىيە ئەتراپىدىكى جوسالىيلەرنىڭ باشچىلىقىدا شىڭ شىسەيگە
قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ، ۋەزىپە ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن، جوسە لىموجاڭ ئابلا تۇەنجاڭ پولكىنى تارقىتىپ، ئوقۇغۇچى-
لىرىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 10 ناھىيەنىڭ ساقچى قىسىملىرىغا تەقسىم قىلىۋەتكەن،
ئۇ چاغدا ئابلا ئۆمەر دېپ بىر ئىشكادىرون (ئاتلىق ئىيون) ئەسكەرنى باشلاپ
كۇچاغا كېلىپ، كۇچادا ھاكىم بولۇپ تى ئاي يىشاردى. ئۇ ئۆلىمە ھەربىيەتنى
تەدرىلەيدىغان ئادەم بولغانلىقتىن، كۇچادا جىنايەت كەتكەن ئەسەت
ئۆلىمەڭ ئەزالىرىنى ۋە سازچىلارنى يىغىپ، ئۇلار قىسمىدىكى مەھمەت
لىيەنجاڭ، مەمەت شاپەي جاڭ، ئابدۇكېرىم پەيجاڭ قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى

ئۇ مەكتەپكە قاتناشتۇرۇپ ئارتىسلارنى تولۇقلاپ ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ بىر نەچچە سەھنە كىتابى (دراما)، كونسېرتلارنى تەييارلاپ ئويۇن قويۇش بىلەن ئۆمەكنىڭ ئىشلىرىنى قايتا جانلاندۇ-رىۋەتتى.

6) 1938 - يىلى ئۇيغۇر ئويۇشما ئىشخانىسى ئىسلام باينىڭ قورو-سىغا (ھازىرقى كونا شەھەر بانكا ئورنى) كۆچۈپ باردى. مەرھۇم ئابلەھەتخان ئۇيغۇر ئويۇشمىغا رەئىس بولدى. ئۇ مەزكۇر ئابلا ئونجانلىق-نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر ئويۇشما سەنئەت ئۆمىكى دەپ نام بېرىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى. ئۆمەكنىڭ رېژىسسورلۇقىنى ئابلەھەتخان، مەسئۇللۇقىنى مەجىت قاسىم (ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ماكارىت بولۇم كوچىسى) ئۈستىگە ئالدى. ئۇ مەزكۇر 20 دىن ئارتۇق ئارتىس ۋە سازچىلارنى جەلپ قىلىپ، ئۆمەكنىڭ پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئويۇن قويۇشنى داۋاملاشتۇردى. 1939 - يىلى ئىنقىلابىي خۇربان ئىبن جىلو كۇچاغا ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئەدەبىي - سەنئەت ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللۈ-نىشكە باشلىدى. 1939 - يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جىددىي داۋام قىلىۋاتقان چاغ بولۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش ھەركىتى ئەدەبىي - سەنئەتتىن جانلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشكە موھتاج ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئىبن جىلو ئەدەبىي سەنئەت ئىشلىرىنى ئۆزى تۇتتى. ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، «ياپونغا قارشى خەلق نەيزىسى»، «قىزىل بايراق لەپىلدەيدۇ»، «يېڭى ئالدىنقى سەپكە»، «شاڭخەي كېچىسى» دېگەن سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنە-لەشتۈرۈپ ئاممىغا كۆرسەتتى. يەنە ئىلغار ياشلارنى رىغبەتلەندۈ-رۈپ، ئىنقىلابىي مەزمۇندىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدۇردى. ئابلەھەت-

خان ئىيازنىڭ ياپونغا قارشى «ئىپپەت قۇربانى»، «زۇلۇم ۋە مۇھەببەت»، «ئاملىق ئەسىرى»، ئۇنىڭدىن باشقا ئەھەت ئايۇپ، ئابلا روزى، ئابلا باستى قاتارلىقلار يازغان «بىرى ئەسەن، بىرى مەن» «ئۆگەي ئانا»، «ئۈستى - ئۈستىگە خاپىلىق»، قاتارلىق فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە پارىخور ئەمەلدارلارغا قارشى سەھنە كىتابلىرى ھەمدە ئىلىم مەرىپەتنى چەتكە قېقىپ، خۇراپاتلىقنى بازارغا سالىدىغان كونا چىرىكلىك ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كونسېرتلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆستۈرۈپ، بىلىم مائارىپقا بولغان ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئىلغارلىقنى يېڭى ئەۋج ئالدۇ-رۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈچنى ئۇلغايتىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا نۇرغۇن ماددى ياردەملەرنى توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بەرگەن.

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا ئوينالغان سەھنە كىتابلىرى، دۆتبەگى، چوڭ مىراپلارنىڭ زىيىنىغا تەگكەنلىكتىن، تۇققا دۆتبەگى باشلىق بىر نەچچە بەگ، مىراپلار لىن جىلۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، سەھنىدە بىزنىڭ ئابرويىمىزنى تۆكۈپ، خەلقنى بىزگە قارشى قوزغاپ تىياتىر قويۇۋاتسا، بىز خەلقنى قانداق باشقۇ-رىمىز، دەپ ئەرز قىلىپ كىرگەندە، لىن جىلۇ: سىلەرنىڭ ئەسكىلىكلىرىڭلارنى ئاتاپ ئويۇن قويمىغان بولساق، سىلەرنىڭ كارىڭلار بولامسۇن، ئىبرەت ئالساڭلار بولىدۇ، دەپ جاۋاپ بەرگەن.

دېمەك، شۇڭلاشقا قۇربان لىن جىلۇنىڭ مەدەت بېرىشى، سەنئەت ئۆمەكلەر ئەزالىرىنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە كۇچا سەنئەت ئۆمىكى، ئىلغارلىقنى يەنە ئەۋجلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بىراق 1942-يىلى لىن جىلۇنىڭ

قولغا ئېلىنىشى ۋە ئابلىمىت ھاجى زىنلمو قاماققا ئېلىنىپ كېتىشى بىلەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بىر قىسىم ئىلغار كۈچلىرى ئۆزىنى چەتكە ئالغان، 1943-يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ئىنتايىن ئەسەبىيلىشىپ كەتكەندىن كېيىن سەنئەت ئۆمىكى تەشكىلىي جەھەتتە چېچىلاڭغۇ، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە مۇجمەللىشىپ ئۆمەكنىڭ پائالىيىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

7) 1945-يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىن سوپى ئاخۇن قوشۇنىنى ئاقسۇنى قورشاپ، بىر قىسىم پارتىزانلار شىمالىي تاغ تەرەپتىن باينى ئازات قىلىپ كۇچاغا يۈرۈش قىلغانلىقتىن، گومىنداڭنىڭ سىجاڭى شاڭ چاۋ-جۇڭ قاتتىق ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ 1946-يىلىغىچە ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭدەك 1946-يىلى 11-ئايدا يۈز بەرگەن قانلىق «دۇردۇن باغ ۋەقەسى» دە كۇچادىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى خەلقنى باستۇرغانلىقتىن كۇچا سەنئەت ئۆمىكى ئۆز رولىنى كۆرسىتەلمىدى. ئەمما 1946-يىلى ئىمزالانغان 11 بىتىمنىڭ تۈرتكىسىدە كۇچار ۋەزىيىتى نىسبەتەن پەسەيگەندىن كېيىن سەنئەت ئۆمىكى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، «چوڭ ئۇيسرا» «غېرىپ - سەنەم» نى ئويناپ، ئىنقىلابىي ياشلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولسا، لېكىن كېيىنچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمگە بۇز-غۇنچىلىق قىلغاچقا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئوتتۇرىسىدا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۇچادىكى ئىنقىلابىي ئامما ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جىددىيلەشكەنلىكتىن سەنئەت ئۆمىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ئازارىدىن قۇتۇلالمىدى. نەتىجىدە ئوينىغان ئويۇنلار سىياسەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كېتەلمىگەن مەزمۇنى مۇجمەل، ئىشقى مۇھەببەتنى تەسۋىر-لەيدىغان كونسېرت نومۇرلىرىنى ئانچە-مۇنچە ئويناپ تۇردى. تەشكىلى جەھەتتىن كۆپ راۋاجلانالمىدى. تەسىرى چوڭراق نومۇرلارنى ئوينىيالمىدى.

8) 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىنلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكى كۇچا ئەدەبىي سەنئىتىنىڭ قايتىدىن قەد كۆتىرىشىگە زور مەدەت بېرىپ ئەدەبىي-سەنئەت ساھەسىدە ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلغان قايناق تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا ئەدەبىي سەنئىتى كۇچا ناھىيىسىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئالاھىدە تەشۋىقاتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

بۇ ئەسلىمىنىڭ ئاخىرىدا، ئەينى ۋاقىتتا سەھنىدە ئوينىلىپ ھازىرغىچە ئېسىمىزدە قالغان ناخشا، شېئىر، ئېيتىشىشلەردىن بىرنەچچىنى مىسال قىلىپ قىستۇرۇپ قويدۇم.

قىز بىلەن نادان ئانا

(ئابلىمىت نىيازى)

قىز: جېنىم ئانا، ئۆردىكىمىز مەكتەپ ئېچىلدى،
ئوقۇغۇچىلار بىلىم قوچىقىغا ئېتىلدى،
نىمە ئۈچۈن ئوقۇش ماڭا مەنئى قىلىندى،
بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ كۆزدىن ياشلار تۆكۈلدى.

ئانا: قىز بالىغا نىمە ھاجەت مەكتەپكە بارماق،
سېنىڭ ئىشىڭ ئاپاڭغا كۈنىگە قاراشماق،
دوپپا تىكىش بىلەن لەخمەن سوزۇشنى ئۆگەن،
ساڭا ھارام ئاتاڭ بىلەن گەپ-سۆز تالاشماق،

قىز: بۇ قىلمىشتىكى سەۋەپ بار نادان ئاتاسەن ،
چۈنكى ئوقۇشتىن مەھرۇم ساۋاتسىز ئىدىڭ .
ئاھ نادانلىق، ساۋاتسىزلىق قاچان تۈگەرسەن ،
ئىلىم - بىلىم ئالساڭ چوقۇم تۈگەيسەن ،

## قىرى بىلەن ياش

قىرى باي: مەن ئۆزەم بىر سودىگەر ،
خەلقلەر مېنى ھاجى دەر ،
مەن سېنى ئالايدەيمەن ،
ھەممە نەرسە جەررا-جەر ،

ياش قىز: سەن دەيسەن ھاجى ئاكا ،
تولىدى ياشىڭ ئاكا ،
مېنىڭ يېشىم تولغۇچە ،
ئوقۇيمەن چاچىڭ ئاكا ،

قىرى باي: ئالاي شاگىرتىدەن چاپان ،
يەنە دوختاۋ ئىشتان ،
چاپىسان بولۇڭ جان ئۇكا ،
تويىمىز بولىدۇ قاچان ،

قىز: ئەمدى كىردىم 14 ياش ،
ئوقۇشۇم بار 4-ى ياش ،
4-ى يىلىڭ ئىچىدە .
بولۇرمەن بىر ئالىم ياش ،

## بىزدە كۆپ

ئېيتىپ كەلسەم ئەي دوستۇم ، چاچلارنى قويۇۋېلىپ ،
تۈگىمەس دەرتلەر بىزدە كۆپ . شىلەپىنى كىيىۋېلىپ
جاھالەتكە بويسۇنغان ، ئىلىمدە يوق ، بىلىمدە يوق .
جاھىللاردىن بىزدە كۆپ ، مەمەدانلار بىزدە كۆپ

ساقال چېچىنى ئاقارتۇپ ،
ئالتۇن چىشنى سالدۇرغان ،
كىمنى كۆرسە ھەجايغان ،
قۇرۇق سۆلەت بىزدە كۆپ ،

## بەگ بىلەن دېھقان

بەگ : ئەگەر سورساڭ مېنىڭ ئىشىم ئەلا بىگىمدۇر ،
بۇ يۇرتلارنى دىرتتىرەتكەن مېنىڭ گېپىمدۇر ،
ياملۇللاردىن ساقال چۈشتى ئالتۇن - ياساقلار ،
ئۇيقۇمنى ئاچ بولغاچ ساقال چۈشكەن ھۆكۈمدۇر ،
دېھقان : ئۇلاردىن بىگىم ئاران باقتىم غېرىپ جېنىمنى ،
بەگ ئەسلىگەنتە تۆگۈزەرمەن قورساق - قارنىمنى ،
قالغىنى شۇ يۇرتنىڭ كىگىز بۆجۈك قازانلار ،
ساتاي دېسەم ھېچكىم ئالماس كونا ئۆيۈمنى ،
بەگ : كۆپ سۆزلىمەي قېپ قالغان ئالۋاڭنى بەرگىن ،
يا بولمىسا كونا ئۆيۈڭ يېرىڭنى بەرگىن ،
يا بولمىسا ئوغلۇڭنى مالچى چاكارغا بەرگىن ،
يا بولمىسا كىچىك قىزىڭ رەيھاننى بەرگىن ،

تەھرىرلىگۈچى : تۇرسۇن ئىبراھىم .
1989-يىل 24-ئىيۇن ،

58

ئالغىنىم تۇرسۇن ئىبراھىم ... [illegible]

# كۇچا ناھىيەسىدە كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى

ھۇسەيىن قاسىم

1934-يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ ئولتۇرغان قالايمىقان زورلۇق ھىيلە-مىكىرلىشىپ خوجانىياز ھاجىنى ئۆز يېنىدا مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلەپ، جەنۇبى شىنجاڭ (ئاقسۇ) دىن ئۆز مەھكىمىسىگە يۆتكەلدى. بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتى شىنجاڭدا تەشكىلاتچى بولۇپ، قەشقەردە يېڭى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنى مەكتەپلەرنى قۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىۋاتاتتى. خوجانىياز ھاجىمۇ ئاقسۇدىن يۆتكىلىشتىن ئاۋال بىر، ئاقسۇدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنى ئاڭلىغان كۇچادىكى تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كىشىلەر مۇھەببەتلىشىپ كۇچادا يېڭىچە مائارىپنى باشلاش ئۈچۈن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن كۇچادا، تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئابلەھەت مەخسۇم مەسئۇللۇقىدا قۇرۇلۇپ، ھېمىت نىياز، ھۇسەيىن قاسىم قارىلىق ئوقۇغۇچىلار باشلاپ ئوقۇپ تەربىيەلەندى ھەم 2-قارارلىق دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىش ئۈچۈن ئايانچى كۈچلەرنى يېتىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۇچانىڭ شەھەر يېزىلىرىدا مەكتەپلەر ئېچىلىپ ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. كۇچادا ئىلغار كۈچلەرنىڭ كۆپىيىشى مەدەنىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ 1938-يىلى 6-ئايدا 200 گە يېقىن ۋەتەنپەرۋەر سودا-سانائەتچىلەر پاي قوشۇپ، سودا-سانائەت شىركىتى قۇردى.

بۇ شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق شۆبە ۋاكالەتخانىسى (سوۋسىنتورگ) بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىپ،

كۇچانىڭ يۇڭ-تېرە، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مال، قەنت شېكەر، تۆمۈر، كىرىسىن،
سەرەڭگە، چىنە قاچا قازانلىق سانائەت ماللىرىنى ئىمپورت قىلاتتى.
بۇ شىركەت تىجارەت ئىشىدىن ئىزالار مەنپەئەسىدە ئومۇمىي پايدا پۇلىنىڭ 25% نى
ئاجرىتىپ كۇچا ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىشنى بەلگىلىگەن ئىدى. شۇڭلىغا
ئاساسەن شىركەت ئۆزىنىڭ پايدا پۇلىدىن 25% نى ئۇيغۇر مەدەنىي
خەلقئى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان دارىلئېتام ۋە
دارىلئاجىزىن دېگەن باققۇچىسى يوق قېرى ئاجىزلارنى بېقىش ۋە
يېتىم بالىلارنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىپ كەلدى.

كۇچادا مەدەنىي مائارىپ ئاقارتىش ئىشلىرى گۈللىنىپ راۋاج-
لانغانلىقتىن ياشلار ئىچىدە ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر
بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى بارغانچە ئۆسۈپ
مەدەنىي مائارىپقا بولغان تەلەپچانلىقى كۈچەيدى.

2) 1939-يىل كۇچا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن
شىركەتنىڭ قىسقىچە سەۋدىستورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر يۈرۈش
كىنو ئاپپاراتى ۋە كەبە توقۇشلۇق مولوتوك، ماركىلىق بىر ماشىنا ئىمپورت
قىلىشنى توختىتىپ تۈزدى. بۇنىڭغا قارىتا ئۇيۇشما 30 مىڭ
چارەك بۇغداي (750 مىڭ جىڭ) پۇلىنى شىركەتكە پاي قىلىپ
قوشتى.

1939-يىلى 5-ئايدا ئىنقىلابى قۇربان لىن جىلو كۇچاغا ھاكىم
بولۇپ كەلگەندىن كېيىن كۇچانىڭ مەدەنىي مائارىپ خىزمەت
ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كۇچا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ

كىنو ئاپپاراتى ئىمپورت قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ ئاپپاراتنى ئېلىپ كېلىشكە ئالاھىدە ھەممىيەت بەردى. شۇ ۋاقىتتا كۇچادا ئىمپورت-ئېكسپورت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىنى چۈشۈپ ئۆتۈپ، ئۇلار تىرانسپورت شىركىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارقا-ئارقىدىن تىرانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دېگەندەك يېڭى سودا ھەيئەتلىرى تەشكىللەندى، يايى تويلاش ئارقىلىق، ئابدىرخان ئەپەندى ئىشتىراك ئەتكەن قۇدرەتلىك تىرانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچتۇرپان ئەيدەن دائىرىنى ئارقىلىق قاراتۇلىغا، قاراقۇلدىن كۇچاغا قاتناش ئىشلىرى بولغان ئالاقىنى يولغا قويۇپ، ئىمپورت-ئېكسپورت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى، نەتىجىدە 740-يىلى 6-ئايدا كىنو ئاپپاراتى بىلەن بىردانە ماشىنا كۇچاغا ئېلىپ كېلىندى.

